# تجويد تركي

وعقائد ضرورية وعبادات إسلامية

داملا عبد القادر بن عبد الوارث الكاشغري

أثر يدور

ايكنجي باستوروشيسي

١٩٨٥م

وقف لله تعالى

يوزع مجانا

بوكتابني في سبيل الله تراتيلا دور ستيلمايد وروقف دور

دار الفنون للطباعة والنشر

---

وماامروا الا ليعبدوا الله مخلصين له الدين

عقيده بيلماگان شيطان غه ال دور

اكر ميلك بيل عبادت قيلمه يل دور

# عقائد ضروريه

فقيه قاضی شهيد غازی داملا عبد القادر بن عبد الوارث

الكاشغری اثرلريندن دور

معتبر تجار ودیانت شعارلوبيمزدن مكه مكرمه ده مجاور

حامد حاجم محمدی يارکندی نيك لفقه وهتله . و محمد

امين اسلامی نيك اشرانی وعبد القادر داملام حفيده علاوه

قیلغان برقسقه ترجمه حالی قوسومته قيلنغان حال ده

نشر قيلدورغوچی

---

وما امروا الا ليعبدوا الله مخلصين له الدين

# ئقىده جۇۋھەرلىرى

ئا. ئەزىزى

وما امروا الا ليعبدوا الله مخلصين له الدين

# ئەقىدە جەۋھەرلىرى

ئا. ئەزىزى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار

«(بۇ كىتاب غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر». ساڭا بىز (بۇ كىتاپنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن (يەنى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) نازىل قىلدۇق، دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا اللەغا ئىبادەت قىلغىن. بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن اللەغا خاستۇر. اللەدىن قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: «بىز ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى اللەغا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر» (دەيدۇ) اللە ھەقىقەتەن (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.»

(39 – سۈرە 1 – 3 – ئايەت)

«ئىنساندا بىر پارچە گۆش بار. ئەگەر ئۇ ساغلام بولسا پۈتۈن بەدەن ساغلام بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇزۇق (كېسەل) بولسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ يۈرەك، (يەنى ئىنساننىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشقان ئىمان)».

(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى)

# كىرىش سۆز

مەن ئالدى بىلەن اللهغا چەكسىز ھەمدۇ-سانا ۋە تەشەككۇر ئېيتىش بىلەن بىرگە پۈتكۈل ئىنسانىي-يەتنىڭ يولباشچىسى ۋە شاپائەتچىسى بولغان ئەڭ ئۇلۇغ رەھبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇ زاتنىڭ پاك ئائىلىسىگە، پىداكار ساھابىلىرىگە كۆپتىن-كۆپ دۇئايى سالام يوللايمەن.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ،

ھۆرمەتلىك كىتابخانلار.

قولىڭىزدىكى «ئەقىدە جەۋھەرلىرى» ناملىق بۇ كىتاب ئىسلام تەرەققىياتى ۋە ئىلىم-پەن تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپىلەرنى قوشۇپ ۋەتىنىمىز تارىخىدىن بەلگىلىك ئورۇن ئالغان يىراقنى كۆرەر، مەرىپەتپەرۋەر پېشۋالىرىمىزدىن ئابدۇل قادىر ئىبنى ئابدۇلۋارىس قەشقەرىنىڭ «ئا قائىدە زۇرۇرى» (زۆرۈر ئەقىدىلەر) ۋە سابىت ئىبنى ئابدۇلباقىنىڭ «ئا قائىدە جەۋھەرى» (ئەقىدە جەۋھەرلىرى) ناملىق ئەسەرلىرى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىككى پارچە ماقالە قوشۇمچە قىلىنغان ھالدا تۈزۈلگەن بىر كىتابدۇر.

مەن ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قىدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كەڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، ئۇستازلار ۋە ھەقىقەتپەرۋەر پېشۋالىرىمىزنىڭ بۇ نادىر ئەسەرلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھالدا بىر كىتاب بولۇپ قايتا نەشىر قىلىنىشىنى تولىمۇ بەك ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

گەرچە مەن بۇ كىتابنى خېلى بۇرۇنلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇسىنى تېزرەك ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن بولسامۇ بىراق زامان قىستىنىنىڭ خىلمۇ - خىل ھادىسىلىرى ۋە باشقا ئىشلار تۈپەيلى بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر ئىشقا ئاشماي كەلگەن ئىدى. مەن ئاخىرى ئۆزەمنى ئۇنۇتقان ھالدا ئۆزەمنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ ۋە ئاللانىڭ ياردىمىگە تايىنىپ بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى تېزرەك تاماملىۋېتىشكە تۇتۇش قىلدىم (خۇداغا شۈكرى بۇ ئىش ئاخىرى تامام بولدى).

بۇ ئەسەرلەر ئەينى دەۋردە ۋەتىنىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ ئۇلارنىڭ دەرسلىك پروگراممىسىغا ئايلانغان. ئىشىنىمەنكى بۇ كىتاب ھېلى - ھەم بولسىمۇ ئاشۇنداق قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكۈسى. ئەگەر بۇ كىتاب ئۆز دەۋرىدىكىدەك مۇشۇ ۋەتەن خەلقىگە ئوخشاشلا مەنىۋى ئوزۇق بولالىسا مەن ئۈچۈن ئەشۇلا كۇپايە، مەلۇم قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن بۇ ئەسەرلەردىكى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئەرەبچە تېكىستى ئېلىنماي قالدى. مەن مۇئەللىپلەرنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئۆزرەمنى قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ كىتاپلارنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھالدا قايتا نەشىر قىلىنىشى توللىمۇ ئەھمە-يەتلىك بىر ئىش دەپ قارايمەن. چۈنكى - بىز بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنى ئەسلىشىمىز، ئۇلارنىڭ روھىدىن ئۆگۈنىشىمىز، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇشىمىز، مانا بۇ بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، ھەم شۇنىڭغا مەجبۇر بولماقتىمىز! ئەگەر ھەر بىر مۇسۇلمان شەخس ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى تولۇق ئادا قىلىدىغان بولسا ھالىمىز بۈگۈنكىدىن باشقىچىرەك بولغان بولاتتى.

مەن مۇشۇ كىتاب مۇناسىۋىتى بىلەن تەۋھىد پەرۋەر ئەشۇ ئۇستازلىرىمىزغا چىن قەلبىمدىن ئىپتى-خارلىق تۈيغۇسى بىلەن ئىھتىرام بىلدۈرىمەن. اللە ئۇلار-نىڭ ئورنىنى ئەڭ گۈزەل بولغان جەننەتتە قىلسۇن.

مۇھتەرەم پېشىۋا ئۇستازلىرىمىز ئۆزىنىڭ بارلى-قىنى مۇشۇ مىللەت مۇشۇ خەلقىنىڭ نادانلىقتا خاتىمە بېرىشىپ، ھالاكەت چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلىم - مەرى-پەت نۇرىغا ۋە ھۆرلۈككە چىقىشىغا بېغىشلىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ بۈيۈك غايە - ئىستەكلىرىنى مۇشۇ ۋەتەن خەلقىگە جۈملىدىن مۇسۇلمان ئوغۇل - قىزلىرىغا قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ نىمىدىگەن مەردلەرچە قۇربان بېرىش، نىمىدىگەن ئىسىل روھ ھە؟!

دېمەك بىز ئۇلاردىن ئۆگۈنىشىمىز بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ رەببى، ئۆزىنىڭ دىنى، ئۆزىنىڭ قېرىنداش-لىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئالىي جاناب



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

روھىدىن ئۆگىنىشىمىز لازىم.

مەن ئاخىرىدا مۇشۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلى-
نىشىغا، رەتلىنىشىگە نەشىر قىلىنىشىغا ھەمدە تار-
قىتىلىشىغا خالىس تۆھپە قوشقان ۋە قوشۋاتقان
مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا چىن قەلبىمدىن سەمىمىي
رەھمەت ئېيتىمەن ھەمدە ئاللاھنىڭ ئۇلارغا مول
ئەجىر - ئەزىم ئاتا قىلىشىنى ۋە ئۆزىنىڭ رازىلى-
قىغا ئېرىشتۈرۈشىنى شۇنداقلا يەنە بۇ كىتابنىڭ نەشىر
قىلىنىشىنىڭ، تارقىلىشىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلار ئارا ئۆزلى-
شىشىنىڭ خەيرلىك بولىشىنى رەببىمدىن تىلەيمەن.

ئەگەر ئاللاھ مۇشۇ خىزمىتىم ئارقىلىق ماڭا بىر
بۆلۈك ئەجىر ئاتا قىلغان بولسا مەن قان - تەر بەدى-
لىگە كەلگەن بۇ ئەجىرنى ئەشۇ ئىسلامپەرۋەر پىشى-
ۋالىرىمىزنىڭ روھىغا ۋە شۇنداق روھتىكىلەرگە
بېغىشلىدىم.
ئامىين.

بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىغا ئايلاندۇرۇپ تۈزۈش ۋە
تۈزۈتۈش (خەت، ئىملا خاتاسى) جەھەتلەردە نۇقسانلار
كۆرۈلۈشى مۇمكىن. قېرىنداشلارنىڭ تۈزىتىپ پايدىلىنى-
شىنى سورايمەن؟ ئەنە شۇنداق قىلغۇچىلارغا ئاللاھ
رەھمەت قىلسۇن:

پەقەت ئاللاھدىنلا مۇۋەپپىقىيەت تىلەيمىز، ئەگەر
ئاللاھ توغرا يولغا يېتەكلىمىگەن بولسا ھىدايەت
تاپمىغان بولاتتۇق.

كېلەچەكتىكى غەلبە مۆئمىن - مۇسۇلمانلارغا
جۈملىدىن ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان-
لارغا مەنسۇپ!

ئا. ئەزىزى

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................ (1)

تەۋھىد ھەققىدە چۈشەنچە ........................ (1)

ئاقائىدە زۇرۇرى ........................ (25)

ئابدۇ قادىر داموللام كاشغەرى ........................ (27)

نەسىھەتى ئامما ........................ (29)

ئاقائىدە زۇرۇرى ........................ (35)

ئابدۇ قادىر ئىبنى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇ) نىڭ تەرجىمە ھالىدىن بىر نەچچە ياپراق ........................ (43)

(مەرىپەتپەرۋەر) ئابدۇ قادىر داموللام ........................ (52)

شەھىدىل ئىسلام ( // // ) ........................ (56)

ئاقائىدە جەۋھەرى ........................ (59)

سابىت ئىبنى ئابدۇلباقى (داموللام) ........................ (61)

مۇقەددىمە ........................ (64)

پائىدە ........................ (73)

اللە ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلىنغان دىن ئىسلام دىنىدۇر ........................ (76)





ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كىشىلەرنى يەڭگىللىك بىلەن كۇفرىغا
نىسبەت بېرىشكە بولامدۇ؟ ........................... (109)
كاپىر دېيىشكە تېگىشلىك كىشىلەرنى كاپىر
دېيىش لازىم ........................................ (111)
كىشىلەرنى كۇفرىغا نىسبەت بېرىش
خەتەرلىك ........................................... (114)
مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدلەردە ناماز ئوقۇش
توغرىسىدا .......................................... (138)
ئاخىرقى يەكۇن (خاتىمە) ........................ (154)

## تەۋھىد ھەققىدە چۈشەنچە

### بسم الله الرحمن الرحيم

رەھمان ۋە رەھىم سۈپەتلىك اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەرىكاتۇھۇ.

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

بىلىشىمىز كېرەككى ئىلمى تەۋھىد (اللەنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى تونۇشتۇرىدىغان ئىلىم) بولسا دىنىمىزنىڭ تۈپ ئاساسىدۇر.

ئەگەر بىز ئۇنى بىلسەك ئۆز ئەقىللىرىمىزدىن تولۇق پايدىلانغان، ئېتىقادى توغرا، ئىمانى كۈچلۈك مۆئمىنلەردىن بولىمىز.

ئەگەر ئۇنى بىلمىسەك ھېچبىر دەلىل - پاكىتى يوق تۇرۇپ، دىنغا قارىغۇلارچە ئىشىنىدىغان كىشىلەر قاتارىدا بولۇپ قالىمىز.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد) پەر- ۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسە- نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم، (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (اللەنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەندە - نەسىھەت ئالىدۇ» سۈرە رەئدە 19 - ئايەت.

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار: ئەگەر بىز بۇ تەۋھىد



ئەۋلاد كۈتۈپخانىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئىلمىدىن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پايدىلىق ئىلىملەردىن پايدىلانغان ۋە ئۇنى تولۇق بىلگەن چېغىمىزدا، ئۇنى بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇققانلىرىمىزغا ۋە دوست - بۇرادەرلىرىمىزگە تولۇق چۈشەندۈرۈپ ئۆگىتىشىمىز پەرزدۇر.

بىز شۇنداق قىلغاندىلا اللە تائالا رازى بولۇپ مەدھىلىگەن مۇئمىنلەردىن بولالايمىز.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «اللەغا (اللەنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائەتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟» 41 - سۈرە 33 - ئايەت.

ئى قېرىنداشلار: بىز ئاشۇ تەۋھىد ئىلمىنى ئارقىلىقلا بالا - چاقىلىرىمىز ۋە مىللىتىمىز ئارىسىدا، كىشىلەر بىزدىن ياخشى پايدىلىنالايدىغان نۇرلۇق بىر مەشئەلگە ئايلىنالايمىز.

ئى قېرىنداشلار: ئىمان مەسىلىسى كائىناتقا مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا ياكى ئازراقمۇ - بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇ، ئىنساننىڭ پەيدا بولۇش ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە ئالاقىدار بىر چوڭ ئىش تۇرسا بىز ئۇنىڭغا قانداقمۇ - سەل قارايمىز؟.

بەلكى مەن ئۇنى ئىنسانغا نىسبەتەن ئەڭ زور ھەل قىلغۇچ بىر مەسىلە دەپ قارايمەن، چۈنكى ئۇ، ئىنساننىڭ مەڭگۈ بەختلىك بولۇشى ياكى مەڭگۈ بەختسىز بولۇشقا، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ياكى

مەڭگۈ دوزاختا قېلىشقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ بىر مەسىلە.

شۇڭلاشقا ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى بۇ مەسىلە ھەققىدە چوڭقۇر ئويلۇنۇپ كۆرشى ۋە بۇ ھەقتە ئويلۇنۇشنىڭ ئەڭ توغرا ئىكەنلىكىگە چىن - قەلبىدىن ئىشىنىشى كېرەك.

ئى قېرىنداشلار: ھازىر «دىن» «تەۋھىد» «ئىمان» «ئىبادەت» قاتارلىق، مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىۋېلىشى پەرز بولغان بىر قانچە مەسىلىلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

1 - دىن دىگەن نىمە؟ توغرا دىن قايسى؟

ج: ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى ئىدىيىۋى پىلان ۋە ئەمىلى ئىشلەش يولى - دىن دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ توغرىدا الله مۇنداق دەيدۇ:

«(ئى مۇھەممەد) ئېيتقىنكى بۇ (ئىسلام دىنى) مىنىڭ يولۇمدۇر. (كىشىلەرنى) اللهغا (ئىبادەت قىلىشقا) چاقىرىمەن. مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز، الله پاكتۇر. مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن». سۈرە يۈسۈپ 108 - ئايەت.

ئىنسانىنىڭ ھەرقانداق ئىشنى ئورۇنداشتىن ئىلگىرى ئۇ ئىشتىن بولغان نىشاننى ۋە ئۇنى ئىشلەش يولىنى ئېنىق بەلگۈلەپ بېرىدىغان بىر كۆز قاراش ياكى ئەقىدە بولماي قالمايدۇ.

يەنە شۇنداق دىمەكچىمەنكى، ئىنسانىيەت ھاياتىدا ئۇنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارشى ۋە ئەمەلىي ئىشلەش يولىنى ئېنىق بەلگۈلەپ بېرىدىغان بىر «دىن» بولۇشى لازىم. دۇنيادا بىغەرەز ئاق نانچىلاردىن باشقا



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ياكى نىمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان ساراڭ-
لاردىن باشقا كىشىلەر دىنسىز يەنى ئىدىيەۋى
پىلانسىز ياشىمايدۇ.

توغرا «دىن» تۆۋەندىكى بىر قانچە ئىشلاردا ئەكس ئىتىدۇ.

1) توغرا «دىن» ئىنساننىڭ ھەقىقى ئورنى ۋە زىممىدىكى رولىنى ۋە ئۇنىڭ يارىتىلىشىدىكى سىر- ھىكمىتىنى تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ۋە كائى- نات ئىچىدىكى ھاياتلىققا ئالاقىدار نەرسىلەرنى ئىن- ساننىڭ ھاياتىدىن بولغان - چوڭ نىشانىغا باغلايدۇ.

2) توغرا «دىن» ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ نازۇك جايلىرىنى تولۇق - ئېنىق بىلىدىغان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولۇپ، مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ۋە ئىنسانىيەت ھاياتىغا ئالاقىدار ھەممە ئىشلارنى ئۆز لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرغان ئاساستا، ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ۋە كەڭ دائىرىلىك قانۇن تۈزەپ بېرىدۇ.

3) توغرا «دىن» ئۇزۇن مۇددەتلىك، تۇراقلىق بولىدۇ. ۋە بىر خىل ئېقىمدا كېتىۋاتقان ئىنسانىيەت تەبىئىتىنى ئىسلاھ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇنى ھەركۈنى يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

4) توغرا «دىن» ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە خۇي - مىجەزلىرىنى تولۇق بىلگۈچى ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھىي ئارقىلىق نازىل بولغان بولىدۇ.

5) توغرا «دىن» نىڭ رېئال تۇرمۇشتا ئۇنى بەرپا قىلىدىغان مەلۇم كۈچ بولىدۇ. ئىنسانلار توغرا

«دىن» نى تۈزۈپ چىقىشقا ئاجىز كېلىدۇ. توغرا «دىن» نىڭ ئىگىسى يالغۇز اللهدۇر.

الله راسچىل پەيغەمبەرلەرنى توغرا «دىن» بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، ۋە ئۇلارنى ھەرخىل مۆجى- زىلەر بىلەن كۈچلەندۈردى. ئىنسانلار ئىچىدىن ئەقىللىق بولغان كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇلارغا ئەگەشتى، بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىغا ئەگىشىمىز. ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئادىل دىن ئىسلام دىنىدۇر.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ. «ھەقىقەتەن الله ھوزۇرىدا قوبۇل قىلىنغان دىن ئىسلام دىنىدۇر». (سۈرە ئال ئىمران 19 - ئايەت)

2 - ئىنسان قانداق مەخلۇق؟ ئۇنىڭ دۇنيادىكى رولى ۋە ۋەزىپىسى نېمە؟

ج: ئىنسان اللهنىڭ چوڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ناھايىتى ئۇلۇغ مەخلۇق، الله ئۇنى چىرايلىق شەكىل ۋە ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە ياراتتى. الله ئۇنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن يارىتىپ، ئۆز روھىدىن جان ئاتا قىلدى. ۋە پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلدۇردى. ئۇنى ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئىركىن ئىرادە بىلەن، باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلەندۈردى ۋە ئۇنى زېمىندىكى خەلىپىسى - ۋە كائىناتتا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان يادروسى قىلدى. ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى.

ئاشكارا ۋە مەخپىي نېمەتلەرنى ئۇنىڭغا ئىنئا- يەن مول ۋە كەڭرى قىلىپ بەردى. كائىنات ئىچىدىكى


ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدۇ.
شۇنداق بولغان ئىكەن ئىنسانلارنىڭ شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن اللە تائالاغا ئىبادەت — قىلىش مەجبۇرىتى بار.

بۇ ھەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق سۈرەتتە ياراتتۇق» (سۈرە تىن 3-ئايەت)

اللە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن، ئۇنى مەن راۋرۇس ياراتقان (ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار» پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلدى. پەقەت ئىبلىسلا بويۇن تاۋلىق قىلدى».
(سۈرە ساد 71 - 74 - ئايەتلىرى)

ئىنساننىڭ بۇ ماددى ئالەمدىكى ئورنى توغرىسىدا اللە مۇنداق دەيدۇ: «اللە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە رىزقى قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى.

اللە سىلەرگە ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بوي سۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە دەريالارنى بوي سۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە كۈن ۋە ئاينى بوي سۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بوي سۇندۇرۇپ بەردى. اللە سىلەرگە سورىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى ئاتا قىلدى. سىلەر اللە

نىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر».
(سۈرە ئىبراھىم 32 - 34 - ئايەتلەر)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلاردا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق. ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق. ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىرىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.» (سۈرە ئەسرا 70 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم، ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر. (ئاللاھنىڭ قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر)». (سۈرە زارىيات 56 - 58 - ئايەتلەر)

3 - تەۋھىد دىگەن نىمە؟ ئىلمى تەۋھىد قانداق ئىلىم؟ ئۇ، پەرز ئەيىنمۇ ياكى پەرز كۇپايىمۇ؟

ج: تەۋھىد دىگىنىمىز ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىش دىگەنلىكتۇر. تەۋھىدنىڭ قارشىسى شېرىكتۇر. تەۋھىد ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

1) تەۋھىد رەبۇبىيە. (ئاللاھنى پەرۋەردىگارلىقتا بىر دەپ ئىشىنىش)

2) تەۋھىد ئۇلۇھىيە. (ئاللاھنى ئىلاھلىقتا بىر دەپ ئىشىنىش)

3) تەۋھىد ئەسماء ۋەسپات. (ئاللاھنى ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدە بىر دەپ ئىشىنىش)

ئىلمىي تەۋھىد - دىنى ئەقىدىلەرنى كۈچلۈك

ئەۋلاد كۆزنىكى
www.ewlar.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دەلىللەر ۋە ھەر قانداق شەك - شۈبھىنى يوقۇتىدىغان
ئەقلى دەلىللەر ئارقىلىق (قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىستىن
ئېلىنغان) دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىسپاتلاپ ئەمەل-
لەشتۇرۇش توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئىلىم-
لەردۇر. ئۇ، كاپىرلارنىڭ خاتا ئېتىقادى، ۋە گۇمانلىق
كۆز قاراش ۋە يالغان سۆزلىرىنىڭ چۈمپەردىسىنى
ئېچىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈللەر ئارام تاپىدۇ،
ۋە ئىمان بىلەن دىللار خاتىرجەم بولىدۇ. ئۇ، تەك-
شۈرىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى اللانىڭ
بىرلىكىنى ئىسپاتلاش بولغانلىقى ئۈچۈن «ئىلمىي
تەۋھىد» دەپ ئاتالغان.

ئىلمىي تەۋھىد بىرقانچە مەسىلىلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ.

1 - اللەغا ئىشىنىش، 2 - اللەنىڭ كىتابلىرىغا
ئىشىنىش، 3- اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىش، 4- اللە
نىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش، 5- قىيامەت كۈنىگە
ئىشىنىش، 6 - ياخشى يامان تەقدىرنىڭ اللەنىڭ
ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

مۇسۇلمان ئادەم ئۆزىنىڭ توغرا دىن ئۈستىدە
ئىكەنلىكىگە ئەقلى ۋە دىلى بىلەن تولۇق قايىل بول-
غۇدەك دەرىجىدە ئىلمىي تەۋھىدنى ئۆگىنىش ھەر —
بىر ئەر - ئايال ئۈچۈن پەرز ئەيندۇر. ئەمما بۇنىڭ-
دىن باشقىسى پەرز كىپايىدۇر. بىر قىسىم كىشىلەر
ئۆگىنىپ قويسا باشقىلار زىممىسىدىن ساقىت بولىدۇ.

دىن ۋە دۇنيالىق ئىلىمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئىلمىي
تەۋھىدتۇر. چۈنكى ئۇ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى

ئاللاھغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىمدۇ. ئاللاھغا، ئاللاھنىڭ كىتا-
بىغا، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، قىيامەت كۈنىگە
ۋە تەقدىرگە ئىشىنىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەر بىر
مۇسۇلمان ئەر - ئاياللارغا بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىشى
پەرز ئەيىندۇر.

قۇرئان بۇ ئىلىملەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت
بەردى. مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر كۆپراق بۇ
ئىلىمگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالدى.

ئىلگىركى مۇسۇلمانلار بۇ ئىلىمگە ئالاھىدە ئەھمى-
يەت بەرگەنلىكتىن، ئۇلار دۇنياغا خوجايىن بولغان
ئىدى. ئەمدىلىكتە مۇسۇلمانلار بۇ ئىلىمگە سەل قارى-
غانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرى بۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلارنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ۋە ئەمەل - ئىبادەتلىرىگە
بىدئەت، خۇراپات ئارىلىشىپ كەتتى، نەتىجىدە ئۇلار-
نىڭ دۆلەتلىرى ۋە زېمىنلىرىنى كاپىرلار بېسىۋالدى.

4 - ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ج: ئىبادەت دېگەن لۇغەتتە بويسۇنۇش، چوقۇنۇش،
قۇل بولۇش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاللاھغا بوي سۇنۇش،
ئاللاھغىلا ئىبادەت قىلىش ۋە ئاللاھ كۆرسەتكەن يول بو-
يىچە تائەت - ئىبادەت قىلىش - دېگەن مەزمۇنلارنى
بىلدۈرىدۇ.

ئىبادەت - ئاللاھ دوست تۇتىدىغان ۋە رازى بولى-
دىغان سۆزلەر ۋە ئاشكارا - يوشۇرۇن ئەمەللەرنىڭ
ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغا ئومۇمىي ئاتالغۇدۇر.
تەپسىلىي قىلىپ ئېيتقاندا ناماز، ئۆشرە - زاكات،
روزا، ھەج، راست - سۆزلەش، ئامانەتكە خىيانەت

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قىلماسلىق، ئاتا - ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش، كىشىلەرنى يوقلاش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامان ئىشتىن توسۇش، كاپىر ۋە مۇناپىق-لارغا قارشى جىھاد قىلىش، پېقىر - مىسكىنلەرگە، يېتىم - يېسىرلارغا، قۇل - چۆرىلەرگە، هايۋانلارغا مېھرىبانلىق ۋە ياخشىلىق قىلىش، دۇئا - تەكبىر، زىكرى - تەسبىھ ئېيتىش. قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، قاتارلىق ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەتنىڭ جۈملىسى-دىندۇر. شۇنىڭدەك اللەنى، ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى دوست تۇتۇش، اللەدىن قورقۇش. اللاغا تەۋبە قىلىش، ئەمەل - ئىبادەتنى اللەغا خالىس قىلىش، اللەنىڭ قازاسىغا سەۋرى قىلىش، اللەنىڭ نېمەتلىرىگە شۈك-رى قىلىش، اللەنىڭ قازا ۋە تەقدىرىگە رازى بولۇش، اللەغا تەۋەككۇل قىلىش، اللانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىت قىلىش ۋە ئازابىدىن قورقۇش ...... قاتارلىقلارمۇ ئىبادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

اللە كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشنى ناهايىتى دوست تۇتىدۇ ۋە ئۇلاردىن بەك رازى بولىدۇ. اللە بەندىلەرنى پەقەت ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشلىرى ئۈچۈنلا ياراتقان.

اللە مۇنداق دەيدۇ «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم».

اللە ھەممە پەيغەمبەرلەرنى پەقەت مۇشۇ ئىبادەت بىلەن (ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇپ) پەيغەمبەر قىلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە مۇنداق دېدى: «(ئى قەۋمىم) اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللەدىن باشقا

ھېچ ئىلاھ يوقدۇر». (سۈرە ئەئراپ 59 - ئايەت)

شۇنىڭدەك ھۇد، سالىھ، شۇئەيىب ...... قاتارلىق پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆز قەۋمىگە شۇنداق دېگەن ئىدى.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە، اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەر قانداق ئازدۇرغۇچى نەرسىلەردىن) يىراق بولۇڭلار دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللە ھىدايەت قىلغانلارمۇ بار. گۇمراھلىققا تېگىشلىكلىرىمۇ بار» يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىڭلار». (سۈرە نەھلى 36 - ئايەت)

اللە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھىي قىلدۇق». (سۈرە ئەنبىيا 92 - ئايەت)

5 - ئىسلام دېگەن نېمە؟ ئىمان ۋە ئىھسان دېگەن نېمە؟

ج: «ئىسلام» دېگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللە تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ چوڭ ئاتالغۇ نامى بولۇپ لۇغەتتە: بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش، تېنىچ-لىق بېتىم تۈزۈش، ئاشكارا - يوشۇرۇن ئاپەتلەردىن قۇتۇلۇش دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

شەرىئەتتە: اللەنى بىر دەپ ئىشىنىش، اللەغا بويسۇنۇش ۋە اللەنىڭ بويرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش،

ئەۋلاد كۈتۈپخانىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە ھۆججەتلەر ئامبىرى

دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە زامان، ھەممە جايلاردىكى ساماۋى «دىن» ئىسلام دىنى دەپ ئاتالغان. چۈنكى دىن بەندىنىڭ ئاللاغا بويسۇنۇشىنى ھەقىقى تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدىغان بىر يولدۇر.

«ئىمان» دېگەن سۆز لوغەتتە: ئىشىنىش، تەستىق-لاش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

شەرىئەتتە: ئەگەر ئۇ، ئىسلام دېگەن سۆز بىلەن بىر جايدا كەلتۈرۈلگەن بولسا «ئاللاغا ئىشىنىش» ئاللانىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە قىيامەت كۈنىگە ۋە تەقدىرنىڭ ياخشى - يامانلىقى ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ، يالغۇز كەلتۈرۈلگەن بولسا «دىن» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

«ئېھسان» دېگەن سۆز لۇغەتتە: ئىشنى ياخشى ۋە پۇختا ئىشلەش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

شەرىئەتتە: تاشقى دۇنيانى ئەمەل ئىبادەت بىلەن، ئىچكى دۇنيانى ئىخلاس، سەمىمىلىك بىلەن ياخشىلاش دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرىكمىسى — ئاللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن توغرا دىنى-نىڭ دەل ئۆزىدۇر. شۇندىقلا بۇنى جىبرىئىل ئەلەيھى-سسالامنىڭ قىسسى بايان قىلىنغان ھەدىستە ئوچۇق روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

سەھىھۇل بۇخارىدا نەقىل قىلىنىشىچە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر ئەئرابى سۈرىتىدە پەيغەم-

بەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ «ئىسلام» «ئىمان» «ئېھسان» توغرىسىدا سورىغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دېگەن بىر اللەدىن باشقا ھېچ مەئبۇدە بەرھەق يوقتۇر. مۇھەممەد اللەنىڭ ئەلچىسىدۇر، دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، قۇدرىتى يەتكەن ئادەم بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشتىن ئىبارەت» دېدى.

جىبرىئىل - ئىمان دېگەن نىمە؟ - دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمان دېگەن - اللەغا، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، اللەنىڭ كىتابلىرىغا، اللەنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ ھەق - راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ۋە تەقدىرنىڭ ياخشى - يامانلىقى اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت» جىبرىئىل - ئېھسان دېگەن نىمە؟ - دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئېھسان دېگەن - گەرچە مەن اللەنى كۆرەلمىسەممۇ اللە مېنى كۆرىدۇ دېگەن ئىشەنچە بىلەن بەندە گويا اللەنى كۆرگەندەك ھالەتتە تۇرۇپ ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرىدا «بۇ، جىبرىئىل بولۇپ سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگۈتۈش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى» دېگەن. مانا بۇ ئۈچ ئىشنىڭ ھەممىسى دىنىنىڭ پۈتۈن بىر گەۋدىسى قىلىنىدى.

6 - ئىمانىنىڭ ئاساسىي رۇكىنلىرى قانچە؟ ئۇلار قايسىلار؟.

ج: ئىمانىنىڭ ئاساسىي رۇكىنلىرى ئالتىدۇر.

ئەۋلاد كۇتۇپخانىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قىسسە، شېئىر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

1 - اللهغا ئىشىنىش. 2 - پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش، 3 - اللانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش. 4 - پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش، 5 - ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشىنىش، 6 - تەقدىرنىڭ ياخشى - يامان بولىشى اللهنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

7 - ئىسلام دىنىدىكى چوڭ ئاساسىي پەرزلەر قانچە؟ ئۇلار قايسىلار؟

ج: ئىسلام دىنىدىكى چوڭ ئاساسىي پەرزلەر بەش تۈرلۈك. 1 - اللهدىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد بەرھەق يوق، مۇھەممەد اللهنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق ئېيتىش، 2 - نامازنى تولۇق شەرتلىرى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش. 3 - پۇل - مېلى نىسابىغا (ئۆلچەمگە) يەتكەندە ئۆشرە - زاكات بېرىش 4 - روزا تۇتۇش، 5 - بەيتۇللاغا بېرىپ كېلىشكە قۇدرىتى يەتكەن ئادەم ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش.

8 - ھەر قانداق مۇسۇلمان ئەر - ئاياللارنىڭ بىلىشى ۋە ئۆگىنىشى پەرز بولغان ئۈچ مەسىلە قايسى؟

ج: ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت، 1 - بىز ئىنسانلارنى الله ياراتقان الله بىزنى بىكارغا ياراتمىغان، ئۇ بىزنى ھېچبىر سوئال - سوراقسىز تاشلىۋەتمەيدۇ. بەلكى بىزنى بىر ھېكمەت ئۈچۈن يەنى اللهغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقان. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم».

الله بىزنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرىمىزدىن

هېساب ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار، سىلەر ئۆز گۇمانىڭلاردا: ئاللاھ بىزنى بىكار ياراتتى (يەنى ھايۋاناتلارغا ئوخشاش ھېچقانداق ساۋاپىمۇ بېرىلمەيدىغان، جازامۇ بېرىلمەيدىغان قىلىپ ياراتتى) بىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلمايمىز دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەق پادىشا - ئاللاھ (ھېكمەتسىز ئىش قىلىشتىن) ئۈستۈندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقدۇر، (ئاللاھ) ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. كىمكى ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ھالدا ئاللاغا قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ. كاپىرلار ھەقىقەتەن نىجات تاپمايدۇ». (سۈرە مۇئمىنۇن 115 - 117 - ئايەتلەر)

ئاللاھ بىزلەرگە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. كىتابلارنى نازىل قىلدى كىمكى ئۇ پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن جەننەتكە كىرىدۇ. كىمكى ئۇلارغا قارشى چىقىدىكەن دوزاخقا كىرىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلار (ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يوقۇرىدىكى ئەھكاملار) ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر. كىمكى ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇ جەننەتتە مەڭگۈ بولىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر. كىمكى ئاللاغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ. ئۇ كىشى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. دەھشەت-

ئەۋلاد كۈتۈپخانىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە: قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

لىك ئازابلارغا دۇچار بولىدۇ». (سۈرە نىسائ 13 - 14 - ئايەتلەر)

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ روكنى تەۋھىد (اللەنى پەرۋەردىگارلىقتا، ئىلاھلىقتا، ۋە ئىسىم - سۈپەتلىرىدە بىر ۋە يەككە - يىگانە دەپ ئىشىنىش، ۋە اللاغا شېرىك كەلتۈرمەسلىك (ئۇ زاتقا قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلماسلىق) دۇر.

بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ھالدا اللاغا قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ. كاپىرلار ھەقىقەتەن نىجات تاپمايدۇ». (سۈرە مۇئمىنۇن 117 - ئايەت)

الله يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەسجىدلەر اللەغا خاس-تۇر. اللەغا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار». (سۈرە ياسىن 18 - ئايەت)

الله يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد) دىنىڭ-دىن يېنىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان بۇ كۇپپارلارغا ئېيتقىنكى: پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، ئۇنىڭغا ھېچ ئەھ دىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن». سۈرە جىن 20 - ئايەت)

3) اللەنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىدىغان ۋە اللەغا ئىبادەت قىلىدىغان مۆئمىن ئادەمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ئۇلار-نىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، ياكى قېرىنداشلىرى ياكى ئۇرۇق - تۇققانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ دوست تۇتۇش

توغرا ئەمەس (هارام) دۇر.

بۇ ھەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ: «اللەغا ۋە ئاخىـ
رەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ اللە بىلەن
ۋە اللەنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى
ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى ياكى قېرىنداشلىرى
ياكى ئۇرۇق - تۇققانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ دوست
تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن. (ئۇلارنى دوست تۇتۇش
مۇمكىن ئەمەس) چۈنكى اللەنى دوست تۇتىدىغان
ئادەم، اللەنىڭ دۈشمەنلىرىنى دۈشمەن تۇتىدۇ. خۇددى
يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق بىر جايغا تەڭ جوغلىـ
شالمىغاندەك، اللەنى دوست تۇتۇش بىلەن اللەنىڭ دۈشـ
مەنلىرىنىمۇ تەڭ دوست تۇتۇش بىر قەلبكە جۇغلىشالـ
مايدۇ) ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا اللە ئىماننى مەھـ
كەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن
ئۇلارنى كۈچەيتتى. اللە ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر
ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇلار جەنـ
نەتلەردە مەڭگۈ بولىدۇ. اللەدىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ.
ئەنە شۇلار ئاللانىڭ قوشۇنىدۇر. بىلىڭلاركى اللەنىڭ
قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر». (سۈرە مۇجادىلە
22 - ئايەت)

مانا بۇ يوقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ تۈرلۈك
مەسىلىنى بىلىش، ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر - ئاياللار
ئۈچۈن پەرز ئەيىندۇر.

9 - ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر - ئاياللارنىڭ
ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىنى، دىنىنى ۋە پەيغەمبىرىنى
تونۇش پەرز ئەيىندۇر.

ئەۋلاد كۇتۇپخانىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قىسسە ۋە كىتابلار ئامبىرى

1 - سىزنىڭ پەرۋەردىگارىڭىز كىم؟.

مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئاللاھدۇر. ئۇ مېنى ھەرخىل نىمەتلەر بىلەن پەرۋىش قىلدى ۋە مېنى يوقتىن بار قىلدى.

ئاللاھ مۇنداق دېيدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر. سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ، توغرا يولدۇر».

(سۈرە ئال ئىمران 51 - ئايەت)

سىز پەرۋەردىگارىڭىز «ئاللاھ»نى قانداق تونۇدىڭىز؟

مەن پەرۋەردىگارىم ئاللاھنى ئۇ ياراتقان مەخلۇقلارغا قاراپ تونۇدۇم.

بۇرۇنقى زاماندا بىر سەھرالىق مالچىدىن - سەن پەرۋەردىگارىڭنى قانداق تونۇدۇڭ - دەپ سورالغاندا ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاق بەرگەن ئىدى. —

ئەگەر بىر ئىز - بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بولساق ئۇنداقتا ئاسمان ۋە زىمىن، شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچى ۋە ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلمامدۇ؟.

«كائىناتنىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداق نەرسىدە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان بەلگۈ نىشان بار».

«شۈبھىسىزكى ئاسمان ۋە زىمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ - ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زىمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر

يۇرگىنىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) پەرۋەردىگارىم بۇنى بىكار
ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابى-
دىن ساقلىغىن». (سۇرە ئال ئىمران 191 - ئايەت).

س: اللە سىزنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟.

ج: اللە مېنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش، ئىتائەت
قىلىش، بويرۇقىغا بوي سۇنۇش چەكلىگەن ئىشلاردىن
يېنىش ئۈچۈن ياراتتى.

بۇنىڭ دەلىلى: «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت
ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم».

ئىتائەت قىلىشنىڭ دەلىلى: «ئى مۆئمىنلار
اللەغا، پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن (ئۆز دىنىڭلار-
دىن) بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت
قىلىڭلار ئەگەر سىلەر بىرەر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىپ
قالساڭلار بۇ توغرىدا اللەغا ۋە پەيغەمبەرگە (اللەنىڭ
كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە) مۇراجىئەت
قىلىڭلار». (سۇرە نىسائ 59 - ئايەت)

س: اللە سىزنى قايسى ئىشقا بۇيرىيدۇ؟ ۋە
قايسى ئىشتىن توسىدۇ؟.

ج: اللە مېنى تەۋھىدكە بۇيرىيدۇ. شىرىك
كەلتۈرۈشتىن توسىدۇ.

تەۋھىدكە بۇيرىغانلىقىنىڭ دەلىلى: «اللە ھەقىقە-
تەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا (جىمى خەلققە)
ياخشىلىق قىلىشقا، خىش - ئەقرىبالىرىغا سىلە رەھىم
قىلىشقا بۇيرىيدۇ. قەبىھ (سۆز ھەركەتلە) دىن، يامان
ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى
قوبۇل قىلسۇن دەپ اللە سىلەرگە پەند - نەسىھەت

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قىلىدۇ». (سۈرە نەھلى 90 - ئايەت)
شېرىكتىن توسقانلىقىنىڭ دەلىلى: «اللە ئۆزىگە بېرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلىشىنى (مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلبەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقىنى (اللە ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى اللەغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن ئۇ، ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ». (سۈرە نىسائ 116 - ئايەت)

«كىمكى اللەغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (اللەنىڭ غەيرىگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن) اللە ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ. ئۇنىڭ جايى دوزاختا بولىدۇ. زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ». (سۈرە مائىدە 72 - ئايەت)

س: سىزنىڭ دىنىڭىز قايسى؟ (قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىسىز؟)

ج: مېنىڭ دىنىم ئىسلام (مەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىمەن) ئىسلامنىڭ مەنىسى اللەغا بويسۇنۇش، اللەغا تەسلىم بولۇش، ئىتائەت قىلىش دېمەكتۇر.

بۇنىڭ دەلىلى: «ھەقىقەتەن اللەنىڭ ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلىنغان دىن ئىسلام دىنىدۇر». (سۈرە ئال ئىمران 19 - ئايەت)

«كىمكى ئىسلام دىنىدىن غەيرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىكەن ھەرگىزمۇ (ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ، ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر». (سۈرە ئال ئىمران 25 - ئايەت)

س: سىزنىڭ پەيغەمبىرىڭىز كىم؟

ج: مېنىڭ پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام. ئۇ، ئابدۇللانىڭ ئوغلى ئابدۇللا، ئابدۇل مۇتەللىپنىڭ ئوغلى، ئابدۇلمۇتەللىپ ھاشىمنىڭ ئوغلى ھاشىم، قۇرەيىش قەبىلىسىدىن، قۇرەيىش، كىنانە قەبىلىسىدىن. كىنانە، ئەرەب مىللىتىدىن. ئەرەب، ئىسمائىلنىڭ ئورۇق - ئەۋلادىدىن، ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ نەسلىدىن. ئىبراھىم، نوھنىڭ نەسلىدىن. نوھ، ئادەمنىڭ نەسلىدىن. ئادەم، تۇپراقتىن يارىتىلغان.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقىنىڭ دەلىلى: «شۈبھىسىزكى اللەنىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ، ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى اللە (ئاتا - ئانىسىز تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا «ۋۇجۇدقا كەل» دېدى. ئۇ ۋۇجۇتقا كەلدى، (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)» (سۈرە ئال ئىمران 59 - ئايەت).

س: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋۋىلى كىم؟

ج: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋۋىلى تۇنجى بوۋىمىز ئادەم ۋە نوھ ئەلەيھىسسالام. ئاخىرقىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

بۇنىڭ دەلىلى: «(ئى مۇھەممەد) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرگە ۋەھى قىلغانىدەك ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھى قىلدۇق». (سۈرە نىسائ 163- ئايەت)

س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەندىمۇ؟

ج: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلبەتتە اللەنىڭ بەندىسى.

بۇنىڭ دەلىلى: «اللە (بارچە نوقساندىن) پاك-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار

تۇر. ئۇ ئۆز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈـ
چۈن بەندىسى (مۇھەممەد) نى بىر كېچىدە مەسجىدى
ھەرەمدىن، ئەتراپى بەرىكەتلىك قىلىنغان مەسجىدى
ئەقساغا سەيرە قىلدۇردى».

س: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانچە ياشقا كىرگەن؟

ج: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 63 ياشقا كىرگەن
40 يېشىدا پەيغەمبەر بولۇپ 23 يىل پەيغەمبەر بولغان.
ئۇ، سۈرە ئەلەقتىكى «ئىقرەئ» «ئوقۇغىن» دېگەن ئايەت
نازىل بولۇش ئارقىلىق پەيغەمبەر بولغان.

سۈرە مۇددەسسىردىكى «ئى ئىگىنىگە چۈمكۈنۈپ ياتـ
قۇچى (پەيغەمبەر) ئورنۇڭدىن تۇر. كىشىلەرنى اللهنىڭ
ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىن» دېگەن ئايەت نازىل بولغانـ
دىن باشلاپ تەبلىغ قىلىشنى باشلىغان ئۇ كىشىلەرنىڭ
قېشىغا چىقىپ - «(ئى مۇھەممەد) ئېيتقىنكى، ئى
ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا،
الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن» دەپ ئۆزىنىڭ
پەيغەمبەرلىكىنى جاكارلىغاندا، قەۋمى ئۇنى ئىنكار قىـ
لىپ قاتتىق ئەزىيەت يەتكۈزگەن. ۋە يۇرتىدىن قوغلاپ
چىقىرىۋېتىلگەن. ۋە ئۆتۈپ كەتكەن سېھىرگەر، يالغانـ
چى دەپ ھاقارەتلىگەن. بۇ چاغدا الله ئۇنىڭغا: «ئى
ئىنسانلار ئەگەر سىلەر بەندىمىز (مۇھەممەد) كە بىز
نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار قۇرئانغا ئوخـ
شاش بىرەر سۈرىنى ە، ي انغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرـ
ئاننى تەئەررۇز قىلىشتا) اللادىن باشقا ياردەمچىڭـ
لارنىڭ ھەممىنى ياردەمگە چاقىرىڭلار (قۇرئان ئىنسانـ
نىڭ سۆزى دېگەن سۆزىڭلاردا راستچىل بولساڭلار»

(سۈرە بەقەرە 23 - ئايەت)

ئۇنىڭ يۇرتى مەككە، ئۇ مەككىدە تۇغۇلغان. كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋە ئۇ يەردە ۋاپات بولغان جەسەدلىرى ئۆزى ۋاپات بولغان ئۆيىنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىنغان.

ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىدا ساقلىنىپ قالغان. ئۇ، پەيغەمبەر. ئاللاھ ئەمەس، ئۇ ئەلچى، لېكىن يالغانچى ئەمەس. بەلكى ئۇ، ئەڭ ئۇلۇغ رەھبەر.



ئەۋلاد گۈزۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# ئاقائدهٔ زۆرۆرى



دملا عبدالقادر ابنى عبدالوارث كاشغرى

# ئابدۇقادىر داموللام كاشغەرى

(ھىجرىيە 1279 - يىلى (مىلادىيە 1862 - يىللىرى)

ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ مەشھەد يېزىسىدا ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپكى ئوقۇشنى ئۆز يۇرتىدا تاماملاپ قەشقەرگە كېلىپ بىر قەدەر ياخشى ئوقۇش ئاساسى تىكلىگەندىن كېيىن بۇخاراغا بېرىپ ئالىي ئوقۇش مەلۇماتىغا ئىگە بولغان. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن يېڭى ئۇسۇلدىكى ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن مۇستەبىت ھاكىمىيەت، يەرلىك خۇراپىي مۇتەئەسسىپ-كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. شۇ سەۋەبتىن ئىككىنچى قېتىم ھىجرەت قىلىپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى ئەللىرىدە زىيارەتتە بولۇش ھەج قىلىش داۋامىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىش بىلەن بىرگە ئىسلام ئالىملىرى ئىچىدە بەلگىلىك ئىمتىيازغا ئىگە بولغان.

بۇ سەپەردىن قايتىش جەريانىدا «مىفتاھۇل ئەدەب» (ئەدەبىيات ئاچقۇچى) «ئاقائىدە زۆرۈرى» (زۆرۈل ئەقىدىلەر) ........ قاتارلىق ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلگەن.

ھىجرەتتىن ۋەتەنگە قايتىپ ئىنتايىن زۆرۈر بولغان ئەقىدە، ئىبادەت، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەتىنىمىزدە دىنىي - مائارىپنىڭ بۆسۈش

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قىدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خاراكتىرلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇھىم ئاساس سالدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا سىڭىپ كەتكەن روھى قۇللۇقتىن ئىبارەت بۇ كىشەن چاقىلىپ تاشلىنىپ كىشىلەرنىڭ ئاللاغا بولغان ئىشەنچىسى كۈچىيىپ ئۇلارنىڭ قان - تومۇر-لىرىدا ھۆرلۈك، ئەركىنلىك، گۈلدۈرماما، سادالىرى توختىماي ياڭراپ تۇردى.

داموللام ھىجرىيە 1343 - يىللىرى ماھى مۇھەر-رەمنىڭ 14 - كۈنى (مىلادىيە 1924 - يىلى 8 - ئاي) دىن دۈشمىنى، ۋەتەن خائىنى، ئەل مۇناپىقى تەرىپى-دىن ھىجرىيە ھىساۋى 64 ياش (مىلادىيە ھىساۋى 62 ياشتا) بەختىكە قارشى ياۋۇزلارچە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن!.

بۇ سۇيىقەست پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى جۈملىدىن ۋەتىنىمىز مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن چوڭ بىر يوقىتىش بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

داموللامنىڭ جەسىتى مەشھۇر ئاپپاق خوجا مەقبەرىسى-نىڭ يېنىدىكى ھەزرەت زاراتگاھلىقىغا دەپنە قىلىنغان. ھىلى ھەم قەبرىسى شۇ يەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

دېمەك، بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئەنە شۇنداق قۇل-لۇقنى، تەڭسىزلىككە ئوت ئاچىدىغان ئادالەتپەرۋەر ئالىملارمۇ چىقتى. شۇنداقلا يەنە ئۇلارغا قەست قىلى-دىغان تۈزكور، مۇناپىق، ساتقىنلارمۇ ھەم چىقتى ۋە چىقىۋاتىدۇ. بۇ، نىمىدېگەن ۋاپاغا - جاپا قىلىشتەك قارانىيەتلەرچە شەپقەتسىزلىك ھە؟!!!

ئا. ئەزىزى

## نەسىھەتى ئامما

### بسم الله الرحمن الرحيم

### رەھىمدىل، شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

ئىسلامىيەت ئالىملىرىنىڭ دانىشمەنلىرى ۋە دىيانەت دۇنياسىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىگە روشەن ۋە ھەۋىدا (ئوچۇق) بولسۇنكى، ھازىر ۋە كەلگۈسىنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە شاراپەتلىرى ئىمان (نىيەت) ۋە ياخشى ئەمەل (ياخشى ئىش) لەرنى قىلىش بىلەن ھاسىل بولۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس قانۇنى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قانچە يېرىدە ئىماننى (نىيەتنى) ياخشى ئەمەل (ئىش) بىلەن كۆرسىتىش ھەققىدە يەنى دىلدا ياد ئەتكەننى ئەمەلدە بەجا كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئالاھىدە ئايەتلەر كەلتۈرگەن.

ھەر قانداق بىر ئىش ياخشى نىيەت بىلەن بولمىسا، ئۇ قىلچە پايدا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى يامان ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ.

ئىمان (نىيەت) قانچە ياخشى بولغان بىلەن، ئۇ پايدىلىق ئەمەل (ئىش) بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، كامالەتكە يېتەلمەيدۇ.

بۇ سىرلاردىن مۇتەۋەر - پىشقەدەملىرىمىز ۋە ئىلگىرىكى ئۆلىمالىرىمىز خەۋەردار بولۇپ، پۈتۈن



ئەۋلاد كۇتۇپخانىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

غەيرەت - شىجائىتىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ئۇنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ ھەقىقەتنى تونۇشتۇرۇشقا سەرپ قىلىشتى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن غەيرەت - شىجائەتلىرى سايىسىدە ھەقىقەت نۇرى تامام ئالەمگە ئاشكارا بولدى.

ئىتتىپاقلىق، ئىلىم - مەرىپەت، ئىنساب ۋە ئادالەت ئۆز قۇدرىتىنى نامايەن قىلدى. جەبرى - زۇلۇم، ئىختىلاپ، ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە ئىلىمسىزلىك (جاھالەت) لەرزاۋاللىققا يۈز تۇتتى. ھەقىقەتنىڭ ئابرۇيى ۋە ھەيۋىتىدىن ئۇنىڭغا خىلاپ ئىش قىلغۇچىلار ھەيرانلىق ۋە غەم - ئەندىشە ئىچىدە قالدى. بۇ بولسا ياخشى نىيەت، ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى ھەم خاسىيىتىدۇر.

تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغان ياخشى نىيەت، ياخشى ئەمەللەر مۇنۇلار: ئىخلاسقا، پاكلىققا رىئايە قىلىش، ئىبادەت (ھەققە بويسۇنۇش)، ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشقاقلىق، نەسىھەت (ئەلگە مەرىپەت قىلماق)، دوستلۇق ئىنساپ ۋە ئادالەت، كېڭىشىش، دىلى خىيانەت ۋە ئاداۋەتتىن پاك بولۇش، سېخىيلىق، ئىسلاھ قىلىش روھى بولۇش، چىدامىلىق ۋە ئېغىر - بېسىق بولۇش، گۈزەل ئەخلاقىي - پەزىلەتكە ئىگە بولۇش، ئۆز ئارا كۆيۈنۈش ۋە يادەم بېرىش، ياخشى ئىشلارغا ئىنتىلىش، ئېھتىياتچان ۋە ئىشەنچلىك بولۇش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىش، ئىنسانى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈش. باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كۆيۈمچان، ساداقەتلىك، كەڭ قوللۇق، ساخاۋەتلىك، ياخشىلىق، تەدبىرلىك، راستچىللىق، ھەر ئىشنى

توغرا يولىيورۇقتا بىنائەن قىلىش، ياخشى يولغا مېڭىش،
يامان يولدىن قايتىش قاتارلىقلار ئىسلامىيەتتە بوي-
رۇلغان ياخشى ئەمەللەردۇر.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ياخشى ئەمەللەر بارلىق ئەھلى ئىسلامغا ئۆزلىشىپ، ھەممە كىشى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى قىلغان، ئىشلار بولسا، كىتابىنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ ۋە مۇنەۋۋەر پېشقەدەملەرنىڭ كۆرسەتمىسى ھەم يولىيورۇقى بويىچە بولغانىدى. غەلبە ۋە يېتەكچىلىكمۇ ئەھلى ئىسلامنىڭ مەخسۇس نېسىۋىسى بولۇپ، «ئىززەت - ھۆرمەت تەڭرىگە، پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلارغا سادىق كىشىلەرگە» دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكۈمىگە مۇۋاپىق ئىش بولغانىدى.

قاچانكى ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەخلاقلىرى بۇزۇلدى، ياشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا نوقسان يەتتى، ئىتتىپاقلىق يوقالدى، ھورۇنلۇق ۋە بىكار چىلىقلار، زۇلۇم ۋە خىيانەتچىلىكلەر مەيدانغا چىقتى. ئىلىم - مەرىپەت كېمەيدى، پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنىڭ شۆھرىتى يوقۇلۇپ، خارۇزارلىقتا يۈزلەندى.

پېشىۋالىرىمىزنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەسەرلىرى ئۇنتۇلۇپ، خۇراپاتلىق باش كۆتۈردى، ئىززەت - ئابرۇيلار قولدىن كەتتى. ئەجنەبىيلەر ۋەتىنىمىزگە قول ئۇزاتتى «ھەر قانداق ئەل ئۆز ئابرۇيىنى ئۆزى يوقاتمىغىچە الله ئۇنى يوقاتمايدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى. ئىنساب بىلەن ياخشى مۇلاھىزە قىلساق، بۇنداق يامان ئاقىۋەتكە ئۆز قىلمىش ھەركەتلىرىمىز، ئۆز پېئىلى ئېتىبارىمىز سەۋەبچىدۇر.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن بىز پەرىشانلىق ۋە خارۇزارلىقتا ئازاب - كۈلپەت، غەم - ئەندىشىگە گىرىپتار بولۇپ، پۇشايمان ۋە ھەسرەت - نادامەت چەكمەكتىمىز. ھازىر زىرائەت (دېھقانچىلىق)، سودا - سانائەت جەھەتتە باشقا مىللەتلەردىن تۆۋەن تۇرماقتىمىز! كېلىڭلار ئەي قېرىنداشلار! ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيالىق بۇرادەرلەر! بىز ئىلگىرىكى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلايلى، ھازىرقى تۆۋەنلىكىنىڭ ئۆزىمىزدىكى ئۈمىدسىزلىك ھورۇنلۇق ۋە جۈرئەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ناچار ئەخلاقتىن يانايلى. ھازىرقى تەنەززۇلدىن غەم - ئەندىشە قىلايلى! ئالىملىرىمىزنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئۇلارغا ئۈمىد باغلايلى! ئالىملىرىمىزمۇ زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى خالايىققا ئەينەن يەتكۈزسۇن، ئۇلۇغ پېشۋالىرىمىزنىڭ تەلىماتلىرىنى مەجلىس ۋە سورۇنلاردا بايان قىلسۇن، ئاممىغا ياخشى يامانىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەخلاقى، ئەقلى، تەربىيەلەر بەرسۇن، ئەسرى (زامانىۋى) يېڭى يوللارنى كۆرسەتسۇن! شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز يېتىم - يېسىر، غېرىپ - غۇرۋالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆشرە - زاكات، سەدىقە - ئېھسان ۋە ماددىي ياردەملەرنى ئاجرىتىپ، قولىدىكى ئىقتىسادىنىڭ سەرپىياتىنى توغرا باشقۇرسۇن! خەلق ۋە مىللەتكە، شۇنداقلا ئەلگە خىزمەت قىلسۇن!

ئەر ۋە ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەرزلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭغا دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغىشىمىز، خوتۇن - قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپ-

لەرنى ئېچىشىمىز لازىم، چۈنكى كىچىك بالىلار نادان ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا، يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولسا، كىچىكلىكتە ئادەتلەن-گەن ئۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر. ئەگەر ئانىسى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا، پەرزەنتىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلار. بۇنداق بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندا، كامالەتكە يەتمىگىمۇ ئاسان بولىدۇ. ھەدىسىدىمۇ «ھەر بىر بالا تۇغۇلۇشتا ئەيىپسىز، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى - يامان بولىشى ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق». دېگەن مەزمۇن بار. ھەممىمىز ئۆزىمىزنى، تونۇيلى، كەلگۈسى ئىستىق-بالنى ئويلايلى بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خەلقىمىزنى، مىللىتىمىزنى زاۋاللىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى!

كۆپلىگەن يوقسۇل ۋە ئىگە - چاقىسىز بالىلارئاش، نان ۋە تۇرمۇشنى دەپ، ئىلاجىسىزلىقتىن دىن - ئەقىدى-سىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن بىخەۋەر، ئەجنەبىيلەرنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ، يامان ئاقىۋەتكە يولۇقماقتا. بىز ئىنسانلىق ۋە مۇسۇلمانلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋې-لىش چارىسىنى ئىزدەيلى!.

بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىقنىڭ زامانىسى ئەمەس، ئىلىم مەرىپەت ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىسىدۇر. جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۈسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەت-

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدە ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز
قىلماقتا. سۇ ئاستىدا بولسا، خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈر-
گەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇي-
قۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ بولسا ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى
ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق
يوقىلىش ۋە ئۆلۈم بولىدۇر! ھىلىمۇ ۋاقىت ۋە پۇرسەت
بار جانابى ھەقنىڭ رەھمەت ۋە ئىنايەت خەزىنى-
سىنىڭ ئىشىكى دائىم ئوچۇقتۇر. دۇنيادا ئۈمىدسىزلىك
بىلەن ياشاش توغرا ئەمەس. ئىنسان كىچىكلىكىدىن
تارتىپ ئىلىم ئۆگىنىشى ۋە كەسىپ (ھۈنەر -
سودا - سانائەت) بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك. ھەر
قانداق ئىشنى ئۆزلىكىدىن مەيدانغا چىقىرىشنى تەڭرى
ئىرادە قىلمىغاندۇر، (يەنى) ھەربىر ئىش تىرىشچان-
لىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش خۇدانىڭ يول يورىقى-
دۇر «ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىغا لايىق نەتىجە باردۇر»
دېگەن ئايەت بۇنىڭغا گۇۋاھ ئىسپاتتۇر.

سالام ياخشى يولغا ماڭغان كىشىلەر!



بسم الله الرحمن الرحيم

رەھمان ۋە رەھىم سۈپەتلىك ئاللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

## ئاقائىدە زۇدۇدىيە

## (زۇدۇل ئەقىدىلەر)

«وكلمتە الله هي العلي»

«ئاللە تائالانىڭ سۆزى ھەممە سۆزدىن ئۇلۇغ ۋە يۇكسەكدۇر»

س: ئىنسانىنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى نېمە بىلەن بولىدۇ؟

ج: ھەق ۋە راسچىل دىنغا ئەگىشىپ ئەمەل قىلماق بىلەن بولىدۇ.

س: ھەق ۋە راسچىل دىن قايسىدۇ؟

ج: ھەق ۋە راسچىل دىن - ئاللە ھۇزۇرىدا قوبۇل بولغان ئىسلام دىنىدۇر.

س: ئىنسان قايسى سۆز بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۆئمىن - مۇسۇلمان بولىدۇ؟

ج: كەلىمە تەيىبە (پاك سۆز) نى تىلى بىلەن سۆزلەپ، مەنىسىنى چۈشۈنۈپ، دىلى بىلەن تەسدىق

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قىدىمىي ئەسەر ۋە كىتابلار ئامبىرى

قىلماقلىق بىلەن بولىدۇ.

س: كەلىمە تەييىبە قايسىدۇر؟

ج: لا اله الا الله محمد رسول الله دۇر.

س: كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى نېمە؟

ج: بىر اللەدىن باشقا (ھېچ) ئىبادەت قىلغۇچى ۋە ياراتقۇچى يوقدۇر. (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ بىز ئىنسانلارغا ئېبەرتكەن ئەلچىسىدۇر.

س: قانداق كىشى كامىل مۇئمىن ۋە مۇسۇلمان بولىدۇ؟

ج: ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، شەرىئەتتە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھۆكۈملەرگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىتائەت قىلغان كىشى كامىل مۇئمىن - مۇسۇلمان بولىدۇ.

س: ئىمان (دېگەن) نېمە؟

ج: الله تائالاغا ۋە پەرىشتىلەرگە ۋە اللەنىڭ كىتابلىرىغا، ۋە پەيغەمبەرلىرىگە، ۋە قىيامەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىق الله تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇشىغا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشىنىڭ ھەق - راستلىقىغا ئىشىنىپ قوبۇل قىلىشتۇر.

س: الله تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش قايسى يوسۇندا بولىدۇ؟

ج: الله تائالا باردۇر، بىردۇر، قەدىمىيدۇر، ھېچ شېرىكى يوقتۇر. الله تائالا بۈيۈك سۈپەتلىرى بىلەن دائىم سۈپەتلەنگۈچىدۇر. بارچە ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاك ۋە خالىيدۇر.

س: الله تائالانىڭ بۈيۈك سۈپەتلىرى قايسى

سۈپەتلەردۇر؟

ج: اللە تائالا، «ھەييۇن» «ئالىمۇن» «مۇرىدۇن» «قادىرۇن» «مۇتەكەللىمۇن» «مۇكەۋۋىنۇن» «سەمىئۇن» «بەسىيرۇن» ... دۇر.

س: «ھەييۇن» نىڭ مەنىسى نىمە؟

ج: اللە تائالا تىرىكدۇر. ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. تىرىكلىگى جىسىم ۋە جان - بىلەن ئەمەسدۇر، بەلكى ئۆزىگە لايىق سۈپەتى بىلەن تىرىكدۇر.

س: «ئالىمۇننىڭ» مەنىسى نىمە؟

ج: اللە تائالا ھەممە نەرسىلەرنى (مەيلى ئۇ ئاشكارا بولسۇن ياكى يوشۇرۇن بولسۇن تامامەن بىلگۈچىدۇر. ھىچ نەرسە اللە تائالانىڭ ئىلمىدىن تاشقىرى ئەمەستۇر. (اللە تائالانىڭ) بىلىمىكى ئەقىل ۋە زىھىن بىلەن ئەمەس بەلكى ئۆزىگە لايىق سۈپەتى بىلەن بىلگۈچىدۇر.

س: «مۇرىيدۇن»نىڭ مەنىسى نىمە؟

ج: اللە تائالا ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر. ھەممە نەرسە اللە تائالانىڭ خاھىشى بىلەن بولىدۇ.

س: «قادىرۇن» نىڭ مەنىسى نىمە؟

ج: اللە تائالا ھەممىگە قادىر كۈچى يەتكۈچىدۇر. ھىچ نەرسىدىن ئاجىز ئەمەستۇر.

س: «مۇتەكەللىمۇن» نىڭ مەنىسى نىمە؟

ج: اللە تائالا سۆزلىگۈچىدۇر. قۇرئان كەرىم اللە تائالانىڭ سۆزىدۇر. اللە تائالانىڭ سۆزلىشى تىل — ئېغىز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە لايىق سۈپەتى بىلەن سۆزلىگۈچىدۇر.

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قىدىنمىي ئەسەر ۋە كونا ... ئامبىرى

س: «مۇكەۋۋەنۇن» نىڭ مەنىسى نېمە؟

ج: الله تائالا بارلىق مەخلۇقاتلارنى يۇراتقۇچى ۋە پەيدا قىلغۇچىدۇر. ھەممە نەرسە اللەنىڭ يارتىشى بىلەن ئاپىرىدە بولغاندۇر.

س: «سەمىئۇن» نىڭ مەنىسى نېمە؟

ج: الله تائالا بارلىق ئاۋازلارنى ئاڭلىغۇچىدۇر. الله تائالانىڭ ئاڭلىشى قۇلاق بىلەن ئەمەسدۇر. بەلكى ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن ئاڭلىغۇچىدۇر.

س: «بەسىيرۇن» نىڭ مەنىسى نېمە؟

ج: الله تائالا ھەممە نەرسىنى كۆرگۈچىدۇر. ھاتتا قاراڭغۇ كېچىدە قارا تاش ئۈستىدىكى قارا چۈمۈلىلەرنىڭ ھەركەتلىرىنىمۇ كۆرۈپ تۇرىدۇ. الله تائالانىڭ كۆرىشى كۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە لايىق سۈپەت بىلەن كۆرگۈچىدۇر.

س: پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش قايسى يول بىلەن بولىدۇ؟

ج: الله تائالانىڭ پەرىشتەلىرى باردۇر. ئۇلارنى نۇردىن ياراتقاندۇر. ئۇلارنى ئەركەك - چىشى دېيىلمەيدۇ. ئۇلاردا يېيىش - ئىچىش يوقتۇر. ئۇلار دائىم الله تائالانىڭ تائىتىدە بولغۇچى ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك بەندىلەردۇر. ئۇلارنىڭ الله تائالا ھۇزۇرىدىغا يېقىن چوڭراقلىرى جىبرائىل، مىكائىل، ئىسراپىل، ۋە ئەزرائىل، ئەلەيھىسسالامدۇر.

س: (الله تائالانىڭ) كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش قايسى يول بىلەن بولىدۇ؟

ج: الله تائالا بەندىلەرنى ئىسلاھ قىلىش، كىشى-

لىك ھايا تتا ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمـ
بەرلەرگە كىتاب ئىبەرتكەندۇر. ئۇ كىتابلاردا بويرۇش،
چەكلەش، ۋەدە (يەنى مۇئمىن - مۇسۇلمانلارغا جەننەت
ئاتا قىلىشقا) ئازاب (يەنى كاپىرلارغا ئازاب بېرىش)
لىردىنى، ۋە بەندىلەرنىڭ دىنى ۋە ئېقتىسادىي جەھەتـ
تىكى مەنپەئەت ۋە زەرەرلىرىدىنى بايان قىلغاندۇر.

ئۇ كىتابلار: تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر، قـۇرئان،
ۋە باشقا سەھىپىلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇ كىتابلارنىڭ
ھەممىدىن ئـەبزىلى ۋە ئاخىرقىسى قۇرئان كەرىمدۇر.
قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈملىرى قىيـامـەت كـۈنىگىچـە
كۈچىگە ئىگىدۇر.

س: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كـەلتۈرۈش قـايسى
يۇسۇندا بولىدۇ؟

ج: اللە تائالا ئۆز پەزلىتى بىلەن بـەندىلىرىنى
توغرا يولغا كىرگۈزمەك ئـۈچۈن پەيغەمبەرلەر ئىبەرتـ
كەندۇر. ئۇلار ئىنسانلارنى تەۋھىدكە، ياخشى ئىشلارنى
قىلىشقا، ئەخلاقلىق بولۇش ...... قاتارلىق ئىشلارغـا
دەئۋەت قىلىپ، شىرىك ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى يامان ئىشلاردىن خالىي راستچىل
كىشىلەردۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋۋىلى ھەزرىتى ئادەم
ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەرلـەرنىڭ ئـەڭ ئـاخىرقىسى ۋە
ھەممىدىن ئەبزىلى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مـۇھـەممەد
ئەلەيھىسسالامدۇر.

س: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش قـايسى
يول بىلەن بولىدۇ؟

ج: قىيامەت كـۈنـىدە بەندىلەرنىڭ يـاخشى ۋە

ئەۋلاد كۇتۇپخانىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

يامان ئەمەللەرگە قارىتا جازا، مۇكاپات بېرىلىدىغان-
لىقى ھەق ۋە راستدۇر. قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىس-
لەردە ئاشۇ كۈن توغرىسىدا دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ ھەم-
مىسىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا بولىشى شەكسىزدۇر.

س: تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش قايسى يول بىلەن بىلىنىدۇ؟

ج: بەندىلەرنىڭ مەيلى ياخشى ياكى يامان ئە-
مەللىرى اللە تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. لېكىن
اللە تائالا ياخشى ئەمەللەرگە رازى يامان ئەمەللەرگە
رازى ئەمەستۇر.

س: ئىسلام دېگەن نېمە؟

ج: اللەنى بىر دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز
ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج تاۋاب
قىلىشتۇر.

س: شاھادەت (گۇۋاھلىق بېرىش) دېگەن نېمە؟

ج: اللە تائالادىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق
ھېچ مەئبۇدى بەرھەق يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام
اللە تائالانىڭ بىزلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ۋە بەرھەق
پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بەرمەكتۇر.

س: ناماز دېگەن نېمە؟

ج: بەش ۋاق نامازنى شەرىئەت ھۆكمىگە
مۇۋاپىق تەئدىل-ئەركانلىرى بىلەن رۇسلاپ ئوقۇماقدۇر.

س: زاكات دېگەن نېمە؟

ج: مال-مۈلكى ئۆز ھاجىتىدىن ئېشىپ نىسابقا
يەتكەندە پېقىر-مىسكىنلەرگە مەلۇم مىقداردا ئايرىپ
بېرىش، زاكات دېيىلىدۇ. زاكاتنىڭ مەنىسى مال-

مۇلۇكىنى پاكلاش دېمەكتۇر. زاكات بەرمىگەن مال ـ
مۇلۇك نېجىستۇر. تېرىش ـ سۇغىرىش بىلەن ئۆستۈرۈلـ
گەن زىرائەتلەرنىڭ زاكىتى ئۆشرە دېيىلىدۇ. ئۆشرە
بەرمىگەن زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلى ناپاك (ھارام) دۇر.

س: روزا تۇتۇش دېگەن نېمە؟

ج: رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇش نىيىتى بىلەن
سۇبھى يورۇغان ۋاقتىدىن باشلاپ كۈن كىرىپ كەتـ
كەنگىچە قەدەر يېمەك ـ ئىچمەك ۋە جىنسى ئالاقىنى
تەرك ئەتمەكتۇر.

س: ھەج تاۋاب قىلىش دېگەن نېمە؟

ج: بەيتۇللاغا بېرىپ كەلگىچە (ئىقتىسادىي
جەھەتتىن) يولدىكى خىراجەت ـ چىقىملىرىگە، ۋە
ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نەپقە ۋە ھاجەتلىرىگە يەتكۈدەك
نەرسىگە قادىر بولغان كىشىنىڭ مۇمكىن بولسا ئۆمرىدە
بىر قېتىم ھەج تاۋاب قىلىشى پەرزدۇر.

س: ئىمانىنىڭ خۇلاسىسى نېمە؟

ج: مۇھەممەد ئەلەيھىسالام اللە نامىدىن بىرەر
ئەمرگە بويرىغان ياكى توسقان بولسا ئەشۇ ئەمرىنىڭ
مۇھەممەد ئەلەيھىسالامدىن دېيىلگەنلىكى قۇرئان كەرىم
ياكى سەھىھ ھەدىسلەردە ئىسپاتلانغانلىقى بىلىنسە، ئاڭا
تىل بىلەن ئىقرار ۋە دىل بىلەن تەسدىق قىلىپ شۇ
بويىچە قىلماقلىقدۇر.

س: ئىلىم ئۆگىنىش دېگەن نېمە؟

ج: ئىلىم ئۆگىنىش ئەر ـ ئاياللارغا ئوخشاشلا
پەرزدۇر.

ئىلىم ئۆگىنىش بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى

www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىردىن - بىر يولىدۇر.

س: مىللەتنىڭ خارلىق ۋە قۇللۇققا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب نېمە؟

ج: سەۋەب ئىككىدۇر. بىرىنچى بىلىمسىزلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىكدۇر. ئىككىنچى، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئىختىلاپدۇر. ھەر قانداق قەۋم ۋە ھەر قانداق مىللەتنىڭ خارلىق ۋە قۇللۇققا چۈشۈپ قېلىشىدىكى (ئاساسلىق سەۋەب نادانلىق ۋە ئۆز ئارا ئىتتىپاقسىزلىقتۇر.

س: ئىززەت - ئابرۇي ۋە زور كۈچ - قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟

ج: ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىش ۋە ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا بىزلەرنى ئۆز ئارا ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئارا ئىتتىپاق بولۇشقا بۇيرۇيدۇ.

«ھەممىڭلار بىردەك اللە يولىغا (قۇرئان كەرىم ئەترابىغا) زىچ ئويۇشۇڭلار ئۆز ئارا بۆلۈنمەڭلار».

ھىدايەتكە ئەگەشكۈچىلەرگە سالام!.

ئوچۇق پىكىرلىك دىنداش مۇسۇلمان قېرىنداشلاردىن ئۈمۈدۇم شۇكى، بۇ كىتابنى ئائىلە ئەۋلادلىرىغا بىلدۈرۈش ۋە ئوقۇتۇپ، يادا ئالدۇرۇشنى ھەرگىز بوشتۇرۇپ قويمىغاي.

«چوقۇم اللە تائالا ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى زايا قىلىۋەتمەيدۇ».

داموللام ئابدۇلقادىر ئىبنى ئابدۇل ۋارىس قەشقەرى.

ئەسكەرتىش: «ئا قائىدە زۇرۇرى» نى تۈركى ئەجۇدىكە قوشۇچە قىلىنغان كىتابتىن ئېلىندى.

بىسىم اللە الراحمن الرحيم

## ھەمدۇ ـ سانا اللەغا خاستۇر.

مەشھۇر ئىسلاھاتچى، مۇتەپەككۇر، مۇجاھىد داموللام

## ئابدۇقادىر ئىبنى ئابدۇل ۋارىس قەشقەرى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ تەرجىمە ھالىدىن بىر نەچچە ياپراق.

مەرھۇم ئابدۇ قادىر دامولامىنىڭ تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا كۆپ پايدىسى يەتكەن مەنپەئەتلىك ئەسىرى (ئاقائىر زۇرۇرى) (زۇرۇل ئەقىدىلەر) نى نەشىر قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن دامولام رەھمەتلىكنىڭ قىسقىچە تەرجىمە ھالىنى يېزىشنى لازىم كۆردۇق.

دامولام ئابدۇ قادىر ئابدۇۋارىس قەشقەرى ئۇستۈن ئاتۇشنىڭ [مەشھەد] دېگەن قىشلاقدا ھىجرىيە 1281 - يىللىرى دۇنياغا كەلگەن. ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ سەۋىيىگە يەتكەندىن كېيىن شۇچاغلاردا دىنى مەركەزلەرنىڭ بىرى بولغان قەشقەرگە كېلىپ بۇ جايدا شەيخىل ئۇلىما ئۇنۋانىنى ئالغان، موللا ئىسلام داموللامدەك مەشھۇر ئۆلىمالاردىن ئوقۇتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتلار ئالغان. كېيىن بۇخاراغا سەپەر قىلىپ ئۇ جايدىكى ئۆلىمالاردىن ئەرەپ، پارىس (تىلدىكى) بىلىمـ

ئەۋلاد گۈزۈيىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

لەرنى كامىل تامامىلىغاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتقان.

ئابدۇ قادىر داموللام [مىفتاھۇل ئەدەب] دېگەن كىتابىدا بۇخارادىكى ئۇستازلىرىدىن مەۋلانا ئابدۇرەززاق ۋە بۇخارا مۇپتىسى داموللا ئەۋزىل خوجەندى ۋە قوقەنلىك شەيخىل ئىسلام داموللا ئۇلۇغ خان تۆرەم (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلغاي) لەرنى زىكرى قىلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى ئۇزامانلاردا تۈركىستان مەدرىسلىرىدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى ئاساسەن باشلانغۇچ سەۋىيىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كۆپ ئېغىر ۋە ئۇزۇن ھەم قىيىن ئىدى.

ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىگە مۇۋاپىق ئەمەس، ھەم ئېمتىھانسىز بولغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلار يولنىڭ بېشىدا ياكى يېرىمىدا ئوقۇشتىن توختاپ قالاتتى.

بۇنداقلارغا تۈركىستاندا [موللام] دەپ نام بېرىلەتتى.

ئەمما بۇ جاپالىق ئوقۇش شارائىتىغا چىداپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالىغانلار بىر قىلىنى قىرىق يارالايدىغان ھەقىقىي ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقاتتى.

(بۇ چاغدا) جۈمە ۋە ئىيد - بايرام خۇتبىلىرى ئەرەبچە بولغاچقا مۇسۇلمانلار پايدىلانالمايتتى. دىنىي ئالىملىرىمىز ئىلىم نەشرى قىلىشقا ناھايىتى ئىخلاس بىلەن تىرىشقان بولسىمۇ لېكىن ئومۇمەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن (ئېلىپ ئېيتقاندا) ئۇلارنىڭ ۋەز - نەسىھەت، ئەمرى - مەرۇپ ئاڭلايدىغان سورۇنلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى.

بۇ ھەقتە مۇسۇلمانلار (ئۆگەتمەس بىزلەرگە ھەق

كالامنى بىلگەن ئالىملار) دېگەن غەزەللىرى بىلەن ئالىملاردىن ئۆز تىلدا قۇرئان، ھەدىس ئۆگۈنۈشنى تەلەپ قىلىشاتتى.

تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئىسلاھاتچى، مۇتەپەككۇر بىرەر ئالىمغا ئىنتايىن مۇھتاج بولىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، اللە تائالا ئۆز پەزلى-كەرەمى بىلەن ئابدۇقادىر داموللامنى ئۇلارغا يېتىشتۈرۈپ بەردى.

ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ ئوچۇق پىكىرلىكلىكى بىلەن، ياش چېغىدىن باشلاپلا يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ۋەزىيەتلەرگە نارازى ۋە قارشى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىزدەنگەنلىكىنى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئەسىرى «مىفتاھول ئەدەب»نىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق يازىدۇ. «ئەپسۇس؛ تولىمۇ ئەپسۇسكى دىيارىمىزنىڭ ئىلىم - تالىب ئوقۇغۇچىلىرى بۇ زاماندا ئەزىز ئۇمۇرلىرىنى باشلانغۇچ گىراماتىكا ۋە يونان پەلسەپەلىرىنى ئۆگۈنىشكە سەرپ قىلىپ ئالىي مەلۇماتتىن مەھرۇمدۇر. ئۇلار ئالىي مەلۇمات ھاسىل قىلىشنى ئەسلا ئويلىمايدۇ.

يونان پەلسەپەلىرىنى ئۆگۈنىشكە ۋاقىت سەرپ قىلىش، شۇ زاماندىكى ئۆلىمالارنىڭ سۇسلىقىدىن بولۇپ بۇ، مىللەتنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ خارلىنىشى ۋە زالالىتىدىن باشقا مىۋە بەرمەيدۇ. ھەممە ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي ئىلىم بولغان، قۇرئان ھەدىس ۋە فىقھى بىلىمىدىن مەھرۇم قىلدۇ.

(اللە تائالا ئەجرىنى بەرسۇن) بىر شائىرنىڭ «دىنىدا قۇرئان ھەدىس ۋە فىقھى ئاساسىي بىلىمدۇر.


ئەۋلاد گۈزۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئۆزىگىدىن باشقىسىنى ئۆگىنىش ئاۋارىچىلىق ھەم شەي
تان ۋەسۋەسەلىرىدۇر» دېگەن سۆزى نېمە دېگەن
گۈزەل ۋە نېمە دېگەن توغرا ھە!؟

يەنە بىر شائىر مۇنداق يازىدۇ:
«ئەي ئىلىم ئۆگەنگۈچى، بىھۇدە ئىشلارغا ئاۋارە
بولما! ھەرقانداق ئىلىم رەسۇلۇللانىڭ دىنى ئىلمىگە
باش ئەگىدۇ. ئىلمىنىڭ يىلتىزى بولغان مۇشۇنداق
بۈيۈك ئىلىمگە قانداقمۇ كۆز يۇمالايسەن» ئەگەر مەد-
رىسلىرىمىزدە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى مۇشۇ رەۋىشتە
داۋاملاشسا ئىسلام ئۆلىمالىرىمىزنىڭ زىممىسىگە ۋاجىب
بولغان شەرىئەت ھۆكۈملىرى ۋە اللەنىڭ كالامىنى ئىلان
قىلىش، ۋە مىللەتنى ئىسلاھ قىلىش ئىشلىرى قاچان
ۋۇجۇدقا چىقار؟!

«ئەھكام - شەرىئەت ئىشلىرىدا (مۇسۇلمانلار)،
مەرەز جاھىللارنىڭ قول ئىلكىدىن قۇتۇلۇشنى قانداقمۇ
بىلەر؟؟!»

ئابدۇ قادىر داموللام بىر نەچچە يىل غەربىي
تۈركىستان ۋە باشقا شەھەرلەردە، ئۆزىگىدىن كېيىن
قەشقەردە دەرس ئۆگۈتۈپ نۇرغۇن زىيالىي ئالىملارنى
يېتىشتۈردى.

قەشقەرلىك شەمسىدىن داموللام، سابىت ئاخۇن
داموللام ئابدۇلباقى، ھاشىم ئاخۇن خەلپىتىم، ئابدۇل
ئەزىز داموللام، سالىھ داموللام، ئىنايەتخان مەخسۇم،
جاما ئاخۇن خەلفىتىم، ...... يەكەندىن سالىھ ئەئلەم
ئاخۇنۇم، ھەلىمىدىن ئاخۇنۇم ..... پوسكامدىن ئىسرائىل
دامەللام، قاغىلىقتىن ئەلى ئاخۇن خەلپىتىم، گومىدىن

ئابدۇ جەلىل داموللا ھاجىم، كۇچاردىن سەييىت ئاخۇن خەلپىتىم، كونا تۇرپاندىن ئابدۇللا داموللام ... قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەر ئابدۇ قادىر داموللامنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى ① (اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلغاي) ئابدۇ قادىر داموللام بىر تەرەپتىن دەرس ئۆگىتىش بىلەن مەش-غۇل بولسا يەنە بىر تەرەپتىن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

ئابدۇ قادىر داموللام تۈركىستان تىلى بىلەن يېزىلغان تەۋھىد ھەققىدىكى «ئاقائىدە زۆرۈرى» (زۆرۈل ئەقىدىلەر) ناملىق بۇ ئەسەرىنى يېزىپ پۈت-تۈرگەندىن كېيىن تاشكەنت، ۋە قازان شەھىرىگە ئاپى-رىپ باستۇرۇپ، تۈركىستانىنىڭ ھەممە جايلىرىغا تاراتتى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ باشلىغان بۇ ئىسلاھاتى يالغۇز قەشقەردىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تۈركىستاندا ياخشى نەتىجە بېرىشكە باشلىدى.

مەسىلەن: يەكەندە مەشھۇر ھەلىمىدىن ئاخۇنۇم ئالتۇن كونا خانلىق مەدرىستە يېڭى ئۇسۇلدا مەكتەپ ئاچتى.

مەشھۇر ئابدۇللا قازى ھاجىم يەكەن ئەلىشقۇدا ئۆز خىراجىتى بىلەن مەكتەپ تەسىس قىلىپ ئوقۇغۇ-

---

① بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى جالالات شىڭ شىسەي 1937 - يىللىرى تۈرمىلاردا ۋە باشقا رەزىل سۇيقەست-لەر بىلەن ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈردۈۋەتكەن. بىر قىسىملى-رى چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن. ئاخىرقى بىر قىسىملىرى ئۆز ئەجلى بىلەن يېقىنقى زامانلاردا ۋاپات بولغان - ت.

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەرلەر ئولبازمىلار ئامبىرى

چىلارنى ئابدۇ قادىر داموللام قوللانغان ئۇسۇل بىلەن تەربىيەلەشكە كىرىشتى.

ئابدۇ قادىر داموللام ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بەيتۇل مۇقەددەسكە كەلگەندە مەشھۇر كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ پىكىر ئالماشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىسىردا بىر مەزگىل تۇرۇپ ئۇ جايدىكى ئۆلىمالار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

غەربىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇتەپەككۇر زىيالىلار بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ بىردەك پىكىر ھاسىل قىلدى.

1951 - يىلى ئەنقەرەدە تۇرۇك تاتارلىرىنىڭ تارىخ ئالىمى، رەھمەتلىك زاكىر قادىرنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا، زاكىر قادىر، ئابدۇ قادىر داموللام بىلەن مىسىردا ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى ۋە ئۇنىڭدىن ئالغان تەسىرىنى ھارارەتلىك جۈملىلەر بىلەن سۆزلىگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى. —

«ئابدۇ قادىر داموللام ئىسلام دۇنياسىدا تەڭداشسىز مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچى ۋە مۇجاھىد بۈيۈك ئالىم ئىدى».

ئابدۇ قادىر داموللام ئىسلاھات دەئۋىتى ئەسناسىدا دۇنيادىكى ھەر بىر - ئىسلاھاتچى ۋە مۇتەپەككۇرلار تارتىدىغان جاپادىنمۇ كۆپرەك جاپا تارتتى. لېكىن جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئازار كۈلپەتلەرگە سەبرى قىلىپ، ياخشى نەتىجە بېرىۋاتقان ئىسلاھات پائالىيەتلىرىنى جانلىق راۋاجلاندۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، ھىجرىيىنىڭ 1343 - يىلى قەشقەردە ئۆز

هويلىسىدا، مۇناپىق ئەخمەت مەزىن تەرىپىدىن پىچاق
سېلىنىپ شەھىد قىلىنىدى.!
«بارلىقىمىز ئاللاھ ئۈچۈن، ھەممىمىز ئاللاھنىڭ
دەرگاھىغا قايتىمىز.» داموللام شەھىد بولغان ئاي ـ
كۈن ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتىمىز يوق. شۇنداقتىمۇ
داموللام شەھىد بولغان كۈنى شەمسىددىن داموللامنىڭ
ئانار دەرىخىگە خىتابەت يازغان «ئەي ئانار دەرىخى،
ساڭا نېمە بولدى؟ سېنىڭ ئابدۇقادىر داموللام ۋاپا-
تىدىن خەۋىرىڭ يوقتەك ياشىرىپ تۇرسەنغۇ؟!» دېگەن
قەسىدىسىگە ئاساسەن داموللامنىڭ (ياز) باشلىرىدا
شەھىد بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

داموللام (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلغاي) نىڭ
سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلىشى ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە
سىرتىدا چوڭ تەسىر پەيدا قىلدى.

ھىجرىيە 1367 - يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان
ئۇستازىمىز ئىنايەتخان مەخسۇم مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر
ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە ئېيتىلغان قەشقەر ۋە
باشقا شەھەرلەردىكى ئالىملارنىڭ ئەرەبچە، تۈركچە
ۋە پارسچە مەرسىيە ـ قەسىدىلىرىنى توپلايدىغان
بولسا بىر نەچچە قىسىملىق كىتاب بولۇر ئىدى».

مەشھۇر دىنىي ئالىم ۋە مۇئەللىپ مىراد رەمزى
مەككى (غۇلجىدا ھىجرىيە 1352- يىلى ۋاپات بولغان)
ئابدۇقادىر داموللامنىڭ پەزىلىتى، پىداكارلىقى ۋە
جىھادلىرىنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاتۇش مەشھەتلىك شەيخ ئابدۇقادىر «غازى»
ھەقىقەتنى ياقلاپ، نادانلىق ۋە خۇراپاتنى توپىتىن

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە ئۆلىمالار ئامبىرى

يوقۇتۇپ، تۈز يولغا چاقىرىدۇ» بۇ قەسىدىدىن مەلۇمكى داموللامنىڭ تەخەللۇسى «غازى» دۇر. شۇ چاغلاردىكى مەشھۇر قازى رىزاپەخىرىدىن ھەزرەتلىرىنىڭ قەلىمى بىلەن ئابدۇ قادىر داموللام ھەققىدە يېزىلغان بىر مەرسىيە ماقالىنى توكيودا ئوقۇغان ئىدىم، ئەپسۇسكى ھازىر قولۇمدا يوق.

ئابدۇ قادىر داموللام شېھىد بولۇشتىن بىر-ئىككى يىل بۇرۇن ئوغلى ئابدۇل ئەزىزخان مەخسۇمنى ① ھىندىستاندىكى مەشھۇر دىيوبەند مەكتىۋىگە ئوقۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەندە ئاتاقلىق ئالىم مەۋلانا ئەنۋەرشاھ ساھىب كەشمىرى (الله ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلغاي) گە يازغان تەۋسىيە خەتلىرىدىن داموللامنىڭ زور ئالىملىقىنى بىلگەن ئەنۋەرشاھ ساھىب، داموللامغا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرگەن ھەمدە ئۇلار ئارىسىدا خەت يېزىش داۋاملاشقان.

ئابدۇل ئەزىزخان مەخسۇم، داموللامنىڭ قەشقەرلىك بىر ئادەم تەرىپىدىن شېھىد قىلىنغانلىقىنى ئەنۋەرشاھ ساھىبقا بىلدۈرگەندە ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: «داموللام ئازرۇ - ئارمانىغا يېتىپتۇ. لېكىن ئېسىتكى ئۇنىڭ

---

① ئابلەزخان مەخسۇم ئەزىزى 1980 - يىللىرى 40 يىللىق تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈپ سالامەت چىققان بولسىمۇ تېنى ئاجىزلاپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن 80 نەچچە يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئابلەزخان مەخسۇم ئەزىزى بىزنىڭ ئارىمىزدىن كەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ يۈكسەك ئىرادىسى ۋە ئىش، ئىزلىرى ۋەتىنىمىز تارىخىدا ئۆچمەس سەھىبلەرنى قالدۇردى.

خەلقى ۋە مەملىكىتىگە پات ئارىدا چوڭ بىر بالا - قازا يېتىپ كېلىدۇ».

مەرھۇم ئابدۇ قادىر داموللام شەھىد بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ھاياتتۇر. «اللەنىڭ يولىدا شېھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، اللەنىڭ دەرگاھىدىكى رىزقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ» اللە تائالا ئۆز پەزلى - كەرەمى بىلەن مەرھۇمغا جەننەتىل پىردەۋس ئاتا قىلىپ، ئىسلام مۇسۇلمانلىرى تەرىپىدىن (ياخشى مۇكاپاتلار) جازايى خەيرلەر بەرسۇن ئامىن.

پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان اللە تائالاغا ھەمدۇ سانالار بولسۇن.

خەلقىنىڭ ياخشىراقى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ۋە ئەسھابىلىرىنىڭ ھەممىسىگە اللە تائالا رەھمەت قىلغاي!

كەمىنە - مۇھەممەد ئىمىن ئىسلامى

سەئۇدى ئەرەبىستان. جىددە.

1985 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# ئابدۇل قادىر داموللام

ئابدۇل قادىر داموللام 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قەشقەرنىڭ شىمالىدا چوڭ شۆھرەت قازانغان ۋە چوڭ- قۇر تارىخقا ئىگە بولغان ئاتۇش ناھىيىسىدە تەخمىنەن مىلادىيە 1881 - يىللىرى ئوتتۇرا ھال دېھقان ئائىلى- سىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئابدۇل قادىر داموللامىنىڭ تۇغۇلغان تارىخى بۈگۈنگە قەدەر بەلگىلىك ۋە پۇختا ئېنىقلانمىدى. يۇر- تىمىزنىڭ زىيالىلىرى ۋە يازغۇچىلار تەخمىنى بىلەن تارىخ تۇتۇپ كەلدى.

داموللام كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللانغان. (بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە داموللام قۇرئاننى يادا ئالغان).

داموللامىنىڭ 15 ياش ۋاقىتلىرىدا مەشھەدتىن قەشقەرگە كېلىپ، خانلىق مەدرىسكە ئوخشاش جايلاردا ئوقۇپ پۇختا ئالىم بولغان ۋاقىلىرى 1900 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

مىلادىيەنىڭ بىرىنجى ئونلىرىدا (20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى) بۇخارا شەھىرىگە بېرىپ، ئالىي مەلۇمات ھاسىل قىلىپ چوڭ ئالىم بولغان. ئاندىن كېيىن قەش- قەرگە قايتىپ كېلىپ مۇدەررىس بولغان ۋاقىتلاردا بەزى ئىشان ۋە خەلپەملەر بىلەن دىنى ئېتىقاد ۋە

ئۇسۇلىدا توقۇنۇشلار بولۇپ ئىشان ۋە خەلپە مۇ-
ئىبادەت تەرىپىدىن سۈيىقەست قىلىنىش ئالدىدا تاشكەنتكە
كەتكەن، تاشكەنتتە كۆپ ئالقىشلارغا ئېرىشىپ، چوڭ
ئۆلىمالار بىلەن ھەتتا ئۆزىنىڭ بۇخارادا ئوقۇتقان
ئۇستازلىرى بىلەن بىر قاتاردىن ئورۇن ئالغان. بەزى
كىتابلارنى يازغان. قايتىپ كېلىپ بىر نەچچە يىل
دىنى خىزمەتلەردە بولۇپ، ئۆزبەگىستان ئارقىلىق
ھەججگە بارغان.

داموللام ئىنتايىن چوڭ خىزمەتلەرنى ۋە ئۈنۈملۈك
سەپەر - ساياھەتلەرنى قىلغان ... يېڭى ئۇسۇلدا مەك-
تەپ - مەدرىسلەرنى ئاچقان. يازغان كىتابلىرىنى
نەشر قىلدۇرغان. خوتەن، يەكەن، قاتارلىق جايلارنى
ۋە ھەججگە بېرىش جەريانىدا ئورال، قازان شەھەرلىرىنى
ساياھەت قىلغان.

ئەرەب ئەللىرىدە مىسىر ۋە ھىجاز ئالىملىرى
بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. داموللام 1920 - يىللىرى
ئەتراپىدا قەشقەرگە قازى بولۇپ، شەرىئەت ئىشلىرىنى
قۇرئان، ھەدىسكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ غەي-
رەت قىلىش بىلەن بىرگە، يۇرتى ۋە مىللىتىنىڭ
پارلاق ھاياتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي، ئىجتىمائىي ۋە
ئىقتىسادىي جەھەتتىكى خوجايىنلىق روھى ئۈستىدە
قاتتىق ئىزدەنگەن. ھەممە ئۇ ئىشلارنىڭ ئەمەلگە -
ئېشىشى ئۈچۈن قاتتىق غەيرەت قىلىش لازىم دېگەن
خۇلاسىگە كېلىپ، يېتىم - مىسكىن، ئاجىز - نامرات،
كەمبەغەللەرنى يۆلەش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن
تېزدىن تۇتۇش قىلىپ پالۋانلارچە قەدەم تاشلىغان.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

جاپا - مۇشەققەتلەرنى كۆزگە ئىلىنغان. ئۆزىنىڭ ئەزىز يۇرتى ۋە ئۇلۇغ مىللىتىدىكى دىنى ئەن - ئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ئىلىم يولى ئارقىلىق تېزدىن ئادەم يېتىشتۈرۈشكە ئىنتىلدى.

ھەتتا چەت ئەللەردىن كىرگەن دىن ۋە ئەقىدە ئوغرىلىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قارانچۇقلىرى ۋە سېسىق ئوردىلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

بۇنىڭ بىلەن ۋەتەن ساتقۇن ۋە يېمىرونتقۇچ ۋىج-دانسىز خائىنلار دامولامنىڭ پېيىگە چۈشتى.

دامولامنىڭ ئۆيىدە ئادەم يوق پەيتىنى بەلگى-لەپ تۇرۇپ، ئىمانسىز ئەخمەت مەزىنگە 300 سەر كۈمۈش ۋە ئاخىرقى ئۆمرىگىچە راسخوت تەمىنلەپ بېرىش ۋەدىسى بىلەن، دامولام يالغۇز قالغان كېچىسى پۇر-سەتتىن پايدىلىنىپ 1923 - يىلى ئەتىيازدا يېرىم كېچىدىن كېيىن يەتتە يېرىگە پىچاق تۇرۇپ ئۆلتۈردى.

دامولامنىڭ ۋاپاتى بىز مىللەتكە ناھايىتى قاي-غۇلۇق ۋە ھەسرەتلىك بولدى. ھەتتا چەتئەل، مىسىر، ھىندىستانغا ئوخشاش جايلاردا گېزىت - ژورناللاردا بۇ ھەققىدە ماقالە - مەرسىيەلەر ئېلان قىلىندى.

يۇرتىمىزدىكى ئانىلار بۈگۈنگە قەدەر دامولامدەك ئەردىن يەنە بىرنى تۇغمىدى، ۋە تۇغۇلۇشقا كۆزىمىزمۇ ھەم يەتمىدى.

بۈگۈن بىز مىللەت 62 يىلنى ئۆتكۈزدۇق. يۇرتى-مىزنىڭ ۋەزىيىتى تۈرلۈك پالاكەتلەرگە ئۆزگەردى. بىز پاتقاقتىن چىقالمىدۇق. دامولامنىڭ ياققان چىراقلىرى

ئۆچمىگەن بولسىمۇ ئۇنى كۆتۈرۈپ جالاندۇرۇپ يورىتالمىدۇق.

داموللام قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلار تۆۋەندىكى كىتابلار:

ئاقائىدە زۇرۇرى، ئىبادات ئىسلامىيە، مىفتاھۇل ئەدەب، مىزانۇل ھىساب، بىدايەتۇننەھۋى (ئەرەبچە) جاۋاھىرۇل ئىتقان (ئەرەبچە) تەجۋىد تۈركى ...... ۋە باشقا ئەسەرلەردىن ئىبارەت، قولىمىزلاردىكى بۇ (ئاقائىدە زۇرۇرى) (زۇرۇل ئەقىدىلەر) ئەشۇ چىراقلار- نىڭ بىرى بولۇش مۇناسىۋدي بىلەن داموللام كىم؟ دېگەن سوئالغا قىسقىچە ئىزاھات بەردۇق.

[داموللامغا پىچاق سانجىلغان ۋاقىتتا بىرىنچى الله تائالادىن، ئىككىنچىدىن، مىللەت، ۋەتەن، ۋە دىندىن ئۈمۈت ئۈزمىدى. ئۇنداق بولغانىكەن بىزمۇ ئۈمۈت ئۈزمەيمىز].

بۇ كىتابنى ئابدۇ قادىر داموللام 1912 - يىلى قازان شەھىرىدە باستۇرۇشىدا تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى- نىڭ (مۇشۇ كىتاب ئارقىلىق) تەۋھىد، ئېتىقاد ۋە ئەمەل - ئىبادەتلىرىنى قۇرئان ۋە ھەدىسگە ئۇيغۇن- لاشتۇرۇۋېلىشىنى كۆتكەن ئىدى.

مۇھەممەد قاسىم ئىمىن.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# شەھىدىل ئىسلام

شەيخ ئابدۇل قادىر ئىبنى ئابدۇلۋارىس ھەز-
رەتلىرىنىڭ دىن ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرى ۋە تەت-
لىپلىرى ھەققىدە قىسقىچە بىر جۈملە سۆز:

مۇبارەك دىنىمىزنىڭ خىزمىتىدە شېھىد بولغان
زاتلارنىڭ بىرى - ئابدۇل قادىر داموللام (اللە ئۇنىڭغا
رەھمەت قىلغاي) ھەزرەتلىرىدۇر. بۇ مۇجاھىدنىڭ ھا-
ياتى مۇسۇلمانلارغا تەلىم - تەربىيە بېرىش بىلەنلا
چەكلىنىپ قالماستىن مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە چۈش-
ىنىشلىك، شېرىن جۈملىلەر بىلەن ئىجاد قىلغان رىسا-
لىرى كۆپتۇر. بۇ زات شەھىد بولغاندىن كېيىنمۇ، دىنى
قېرىنداشلار، مۇسۇلمانلار داموللامنىڭ بۇ ئەسەرلىرىنى
كۆز قارچۇغىدەك ئاسراپ، زامان - زامانلاردىن ۋە
زامان ئاپەتلىرىدىن ساقلاپ كەلمەكتە.

داموللام رەھمىتى، رەسۇلۇللاھ ئەپەندىمىزنىڭ
«ئەگەر ئادەم بالىسى ئۆلسە، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ
ئۈزۈلمەي يېتىپ تۇرىدىغان ساۋاب ئۈچ تۈرلۈك بو-
لىدۇ. بىرىنچى، ئىنسان ھايات ۋاقتىدا ئىجرا قىلىپ
قويغان سەدىقات - خەيراتلىرى، ئىككىنچىسى ئىنسان-
ىيەتكە پايدىلىق ئىلىم - كەسىپ ئۆگەتكەن بولسا
ياكى يېزىپ قالدۇرغان بولسا، ئۈچىنچىسى - سالىھ
پەرزەنتلىرىنىڭ رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەپ قىلغان

دۇئالىرىدۇر» دېگەن ھەدىسكە ئىزچىل ئەمەل قىلدى. داموللام ھايات ۋاقتىدا ئىسلام دىنى خىزمىتى قىلىپ تۇرۇپ شەھىد بولدى. يېزىپ قالدۇرغان كىتاب ۋە رىسالىلىرى داموللامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىپ، مەرھۇمنىڭ ئارىمىزدا يوقلۇقىنى چاندۇرمىدى.

بۇ بولسا داموللام رەھمەتلىكنىڭ - ھەدىس شىرىپ كۆرسەتكەن يولىدىن چىقمىغان ھەقىقىي ئۈممەت ئىكەنلىكىنى ھەممە ۋاقىت ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئۇستازىمىز ئابدۇ قادىر داموللامنى بىلمەيدىغان، ئىخلاسىنى قىلمايدىغان ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى يوق دېسەم مۇبالىغە قىلغان بولماسمەن. بۇزاتىنىڭ قالدۇرغان ئەسەرلىرىنى قايتا - قايتا نەشىر قىلىشقا خىزمەت قىلغان زاتلار زور ئەجىرگە لايىق بولغۇسى، ئۇلارغا الله تائالا رەھمەت قىلغاي.

بىزمۇ ئۇلارغا تەشەككۈر ئېيتىمىز، شۇنداقلا دۇنيادىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەمنۇنىيەت سالاملىرىنى يوللايمىز.

ياقۇپ خوجا.

1984 - يىلى، تائىف.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى [illegible] ۋە قوليازمىلار ئامبىرى